# كەچكۈز



زوردۇن سابىر 1998 ـ 1937

(پوۋېست)

كۆرەش قەھرىمانى نادىروۋ زىخرۇللامغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

ئاپتۇر

بىز 1944 ـ يىلى كەچكۈزدە ئىنقىلاب باشلاپ، 1945 ـ يىلى كۈزدە ماناس دەرياسى بويىغا كەپتىمىز. بۇ چاغدا دۇنيادا مىلتىق ئاۋازى ئۆچكەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانىكەن. 1945 ـ يىلى يالتا يىغىنىدا ستالىن، روزۋېلت، چېرچىلل بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلەپ بولغانىكەن.

«كەچكۈز»دىن

# ئۇرۇش قەھرىمانى زىھرۇللام نادىروف



زىخرۇللام نادىروۋ كۈرەش قەھرىمانى، ئۇ ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق قىشلاقتام يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ جەڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا غەيرەت كۆرسەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن پۈتۈن ئارمىيە بويىچە مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا، نادىروۋ زىخرۇللاغا «مەملىكەتلىك كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاش پىلانلاندى، جىڭنى ئېلىش ئۈچۈن باجىياخۇنى ئېلىش زۆرۈر ئىدى. 7 - كۈنى باجىياخۇئۇرۇشى باشلاندى. دۈشمەن پوتەيگە تايىنىپ غالجىرلارچە قارشىلىق قىلىۋاتاتتى. شىددەتلىك ئوق پارتىزانلىرىمىزنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتماقتائىدى، دۈشمەن پوتەيلىرىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىمۇتلار ھۇجۇمغا ئۆتكەن يىگىتلەرنى كەينى - كەينىدىن يىقىتماقتائىدى، جىغان - تىكەنلەر يەربېغىرلاپ ماڭغان جەڭچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى تىلغاپ قانغا بويىۋەتتەتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۆتىنجى پولك بىرىنجى باتالىئوندىن كوماندىر زىھرۇللام نادىروف، ئابدىكىرىم، تاھىر ھامۇت، ئابدۇللا مامۇت قاتارلىق تۆت جەڭچى: «پوتەيلەرنى بىز پارتىلىتايلى» دەپ قاتتىق تەلەپ قىلدۇ ۋە ئابدىكىرىم، سىيتوپ قاتارلىقلار زىخرۇللا نىڭ يېتەكلىشىدە پوتەي پارتىلىتىشقا تەستىقلىنىدۇ. يىگىتلەر بەللىرىگە گراناتلارنى تۇگۈپ دۈشمەن پوتىيى تەرەپكە سىلجىدى، پوتەيگە ئاز قالغان زىخرۇللا تەپسىلى كۈزۈتۈپ دۈشمەن پوتەي ۋە پوتەيدىكى ئوت كۈچى ئەھۋالىدىن

ئاددى بىر خېرىتە سىزىپ، سىتوپقا بىرىپ كوماندىرغا دوكلات قىلىشقا بۇيرىدى، سىتوپ خېرىتىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئۆمىلەپ مېڭىشىغا دۈشمەن پوتىيىدىن چىققان ئوقتىن يارىلىنىپ شۇيەردىلا يېتىپ قالدى. دۈشمەن يىگىتلىرىمىزنى بايقاپ قالغاندى، دۈشمەن ئوقلىرى شىددەت بىلەن ئېتىلىشقا باشلىدى، يەنەبىر يىگىت ـ موزدوز ئوغلى غوپۇرجان گىراناتىنىڭ يىپىنى تارتىپ دۈشمەنگە ئاتاي دېگەن شۇسىكونتتا ئۇنىڭ پىشانىسىغىلا ئوق تەگدى، گىرانات پىرىلداپ پىرقىراپ ئۇنىڭ يېنىغا چۈشتى ـ دە پارتىلاپ كەتتى، يىگىت قۇربان بولدى. زىھرۇللامنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر يىگىتنىڭمۇ «ۋاي...» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. زىھرۇللام ئۆزى يالغۇزلا قالغاندى، ئۇنىڭ غەزىپى قەسەمگە ئايلاندى، ئۇ ئۆزىلا پوتەيىنى پارتىلاتماقچى بولدى ـ دە، دەرھال ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى، ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە دۈشمەن ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. بىرىنچى پوتەيىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىۋەتتى، پوتەيدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاننىڭ دالدىسىدا ئۇ ئىتتىك ئىلگىرىلىدى، ئەمما باشقا پوتەيلەردىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئۇنىڭ يېنىدىلا ۋىژىلداپ توپا توزۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگىدەكمۇ پۇرسەت بولمايۋاتاتتى. پوتەيىنى پارتىلاتماي قىسمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ: «يائۆلۈم، ياكۆرۈم، ئانا، مەندىن رازى بول!» دەپ يەربېغىرلاپ ئىككىنچى پوتەيگە تېز ـ تېز ئىلگىرىلىدى. ئىككىنچى پوتەيمۇ پارتىلىدى. شۇچاغدا ئۇ ئۈچۈنچى پوتەيدىكى دۈشمەننىڭ پوتەيدىن چىقىپ قاچماقچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، گىرانات بىلەن ئىككى دۈشمەننى يەرچىشلىتىپ، قالغىنىنى پوتەيگە قوغلىۋەتتى ۋە دەرھال پوتەي ئىچىگە ئاخىرقى گىراناتنى تاشلىدى، ئۆزىمۇ يارىلىنىپ يېتىپ قالدى، دۈشمەن ئۇنىڭ يارلانغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ پوتەيلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، سەزگۈر زىخرۇللا قوللىرى بىلەن ئاپتوماتنى قاماللاپ ئۇلارنى ئوققا تۇتتى، ئىككى دۈشمەن يەرچىشلىدى، يەنە ئىككى دۈشمەن پوتەيگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئەمما زىخرۇللادىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە كۆزلىرى قاراڭغۇلاشماقتائىدى. ئۇنىڭ بىرپۇتىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، قوم ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويالماقتا ئىدى. پوتەيدىكى دۈشمەنلەر قىسمىنى قاتتىق ئوققا تۇتماقتائىدى، زىخرۇللا چىشىنى چىشلەپ بىرپۇتىنى سۆرەپ پوتەي ئىچىگە

كىردى، ئىككى دۈشمەن ئۇنىڭ كىرگىنىنىمۇ سەزمەي پىلىمۇت ئاتماقتائىدى، زىخرۇللا مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن بىرىنىڭ قولاق تۈۋىگىلا قاتتىق بىرنى قويدى، دۈشمەن ئوڭدىسىغا چۈشتى، يەنە بىرسى زىخرۇللانى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى، زىخرۇللا بىرپۈتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ كانىيىدىن قاماللاپ تۇتىۋالدى. پىلىمۇتنىڭ توختىغىنىنى كۆرگەن جەڭچىلەر يېتىپ كېلىپ پوتەيگە كىرگەندە، زىخرۇللانىڭ قانسىزلىنىپ ھۇشسىز ياتقىنىنى كۆردى، سەبداشلار ئۇنىڭ قولىنى ئۆلۈك دۈشمەننىڭ كانىيىدىن تەستە ئاجراتتى. پوتەيلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بىتچىت قىلىنىشى بىلەن قىسىم تېزدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. زىخرۇللا دوختۇرخانىدا داۋالىنىپلا يەنە ئالدىنقى سەپكە بېرىلىۋالدى.




زىخرۇللانادىروفنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى بىراقلا پۈتۈن پولكقا تارقالدى، قىسىمدىكىلەر ئۇنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە يول ئاچقانلىقىغا ئالاھىدە كىلىپ رەھمەت بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئۆرۈشتىكى جان پىدالىق روھى، چېچەن سەزگۈرلىكى، غەيرەت ـ غۇرۇرى پۈتۈن قىسىمغا تارقالدى. زىخرۇللا نادىرۇف كۈرەش قەھرىمانى دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولدى.

1951 ـ يىلى زىخرۇللا نادىرووف كۈرەش قەھرىمان بولۇپ، مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا باردى.

«ماناس دەرياسىدىن قايتىش» ۋە «ئانايورت» ناملىق كىتابلاردىن ئېلىندى.
مەنبە: http://bbs.izdinix.com/ShowPost.aspx?ThreadID=48241

مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى(1990 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ قوشما سان)» ژورنالىدا ئېلان قىلىنغان «كەچكۈز» ناملىق نادىر پوۋېستىدا، كۈرەش قەھرىمانى زىھرۇللام نادىرووۋنىڭ كىيىنكى تەقدىرى تونۇشتۇرۇلغان.

AAO(5457)



تەجەللي

(1850 _ 1930)

رەسسام: پەرھات ئىبراھىم

1 — 2

1990

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنال
39-يىل نەشرى 1990-يىل 1-، 2-سان (ئومۇمىي 182-، 183-سان)

# بوستاندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

كەچكۈز ........ (پوۋېست) ........ زوردۇن سابىر 3
ئۇ كۆزلەر ........ (« ») ........ خالىدە ئىسرائىل 76
ئەقىدە تامچىلىرى ........ (شېئىرلار) ........ ئىمىن ئەھمەدى 37

## تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ...... نىزامىددىن ھۈسەيىن 70

## خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى

خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى— ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ........ ئابدۇشۈكۈر تۇردى 41

## دۇنياغا نەزەر

قازاقىستاندا بەش كۈن ........ غەيرەت ئابدۇللا 121

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مايىمخان ........ (خەلق داستانى) ........ ئابلەت ئابدۇللا 105

## سەھنە ئەسەرلىرى

تاللانغان كومېدىيىلەر ........ سەئىد ئەھمەد 55

## ئەخلاق-ئادەم زىننىتى

دانىشمەنلەر ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا ........ 146

## مەدەنىيەت-سەنئەت گېزىتى

2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ........ زۇنۇن باقى 2

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، كىلاسسىك شائىر تەجەللى (1850—1930) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: شائىر بىلال ئەزىزى (1920—1945) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابلىمىت ئابلىز






(پوۋېست)

زوردۇن سابىر

كۆرەش قەھرىمانى نادىرۇۋ زىخرۇللامغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

— ئاپتور

## 1 - قىسىم

## كۆڭۈلسىز كەچكۈز

### 1

ئاجايىپ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى: ئۇ كۈنلەر خاسىيەتلىك چۈشكە، ئۇنتۇلماس تويغا ئوخشايدۇ. يېرىم كېچىدە ياتساڭمۇ ئەتىنى قاچان كۆرەرمەن، دەپ ئىنتىزار بولاتتىڭ- دە، ئۇيقۇڭ قاچاتتى. ئۇ كۈنلەردە كۆڭلۈڭ سۈزۈك ئاسماندەك پاكىزە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەشلىك، غەم-غۇسسە ساڭا يات ئىدى. مانا شۇنداق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ كۈنلەردە چاپقان كەتمەن، ئېيتقان ناخشا، قىلىشقان چاقچاقمۇ خۇددى ياخشى غىزادەك تېتىملىق ئىدى...

ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىلىرى سېنى شادلاندۇرسا، سەن بەختىلىك، ئەكسىچە، ئۇ خاتىرىلەر سېنى خاپا قىلسىمۇ، ئۇ چاغدا سەن

مەڭگۈ ئۆكۈنگۈچى، پۇشايمان قىلغۇچى ئادەم بولۇپ قالسەندە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كۆڭلىدە قالدۇرغان داغلىرىنى كەلگۈسىنىڭ ھېچقانداق خۇشاللىقى ۋە تۆھپىسى بىلەن يۇيۇۋېتەلمەيسەن، چۈنكى ئۆتكەن كۈنلەر سېنىڭ ياشلىقىڭغا تەئەللۇق. ھاياتىڭنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ھەم ئۆتكەن كۈنلەرگە مەنسۇپ!...

ئۇ، بارلىق دەرد - ئەلەملىك ئادەملەرگە ئوخشاش ياشلىقىنى ئەسلەش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەر قايتا كەلمەيدۇ، ئۇنى تەكرارلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئەسلىگىلى بولىدۇ. سەن ئەسلىگەندە ھوقۇقلۇق. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئۆتمۈشىڭ. ئۆتكەن كۈنلەر تولىمۇ لەززەتلىك، تولىمۇ شېرىن. ئۇنىڭ ياشلىقى، جۇشقۇن چاغلىرىمۇ شۇ يىللار بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭغا كەچكۈزنىڭ توختىماي يېغىۋاتقان قار ئارىلاش يامغۇرلىرى بىلەن كۆڭۈلسىز پاتقاققا ئايلانغان يالىڭاچ ئېتىزلار، ھۆل - لۈكتىن چىرىشكە باشلىغان سېرىق يوپۇرماقلار بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭ - ئېرىق بويلىرى ھەمراھ. بۇ بىر تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلىرى بىلەن يامان خىياللارنىڭ تېخىمۇ ئۇيپىرىتىشى ئارىلاشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنى بىزار قىلىدىغان تولىمۇ ناچار، كۆڭۈلسىز كۈنلەر. بۇ ناچار كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ يەنە كۆڭۈللۈك باھار — ياز باشلىنارمۇ — ھە؟

نادىرۇۋ مەقسەتسىز ئېتىز ئارىلىدى. يول بىلەن ئېتىز - قىر ئوخشاشلا پاتقاق بولغاچقا ئۇ يول تاللاپ ئولتۇرمىدى. ئۇزۇن قونجىلىق رېزىنكە ئايىغى پاتقاققا مىلەندى.

ئۇنىڭ مۇشۇ 60 - يىللارنىڭ مودىسى ھېسابلانغان بىر سومۇلۇق مايسىرەڭ شەپكىسى يومشاپ - سالپىيىپ يامغۇر سۈيى بىلەن ئېغىرلىغان تەر قېتىمىشىدىن شورلۇق - قاقىس سۇيۇقلۇققا ئايلاندى - دە، بۇ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ قورۇقلار گىرەلەشكەن ئۇزۇن يۈزىنى بىلەن پېشانىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ كۆكسىگە، ئېغىز - بۇرنىغا تىنىمسىز كىرمەكتە، لېكىن ئۇ بۇلاردىن پەرۋاسىز، ئۇ نەگە كېتىپ بارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە يالىڭاچلانغان دالا: شۇمشەيگەن ئوت - چۆپ، قارامتۇل پاتقاق دېڭىزغا ئايلانغان، چۆرىسى ئېھاتىلەنگەن كۆزگە يوغداي ئېتىزلىرى... كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ، ئۆمرىنىڭ تولىسىنى مۇشۇنداق دالالاردا قوي بېقىپ، قوش ھەيدەپ جەڭ قىلىپ ئۆتكۈزگەچكە، دالالار خۇددى ئۇنىڭ ئۆز بەدىنىدەك. دالا ئۇنىڭدا يېڭىچە ھېسسىيات ۋە ھاياجان پەيدا قىلالمايدۇ...

ئۇ ئاخىر قويۇق تېرەكلەر ئارىسىدىكى چىدىر چىلاپ يېپىلغان قاتار ئۆيلەر ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ يوغان، ئۇزۇن يەتچىلىك قوللىرى بىلەن سىقتى. شەپكىدىن سېرىق زەرداپتەك سۇ قۇيۇلدى. ئۇ، پاتقاقلىق يەرگە قويۇلۇۋاتقان سېرىق سۇغا قارىدى - دە، يېشتى گەندىگىنىتىپ ئەلەم بىلەن كۈلدى:

— تەر، ياش، قان ھەممىسى تۆكۈلدى. ئەمدى زەرداپ تۆكۈلمەكتە ھا - ھا - ھا! نادىرۇۋ يەنە نېمىلەرنى تۆكمەكچىسەن؟ ياشلىقىڭ نەلەردە قالدى؟ بايتوقايىدىمۇ ياكى ئورمانباغيەنسىخەيدىمۇ؟ ئەمدى قېرىسەن، بوۋاي ئەمەس، قېرى! قىرىقتىن ھالقىغاندا ئادەم قېرى بولىدۇ، لېكىن سەن قېرى ئەمەس. قېرى! باكالوشكا تەمسەن، تېمىشكە يانداي تورماي دۈمبەمگە چىققۇالدىڭ - سەنمۇ مېنى دەپسەن - دە، مېنى!

ئۇ كىمنىڭدۇر ئىسمى قويۇلغان سوۋادان تېرەككە يۆلەندى - دە، كۆزىنىپتىش تەرەپكە

قاراپ باكلاشكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەنە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىدى:

—كەتكەنلەرنىڭ سالامەتچىلىكى، قالغانلارنىڭ ئامانچىلىقى، ئۆلگەنلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىچىمەن ئەمىسە!

بىر كىلو ھاراق قاچىلانغان باكلاشكا چولتۇكلاپ قاپتۇ. يەنە مۇشۇنداق ئىككى قېتىم ئۆڭتۈرۈلسە ئۇ قۇرۇقدىلىنىدۇ. لېكىن نادىرۇۋ سەگەك، تىمەن — يول ماڭسىمۇ، گەپ قىلسىمۇ چانمايدۇ. ئۇنىڭ ئېگىز، قاتمال گەۋدىسى، مەزمۇت ئاياغلىرى تېخى يەنىلا بۇرۇنقىدەك. دەسسىگەن يېرىدە يوغان ئاياغلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزى قالىدۇ-دە، بۇ ئىزلار خۇددى تاشقا ئويۇلغاندەك — مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ يەنە ماڭماقچى بولۇپ باكلاشكىسىنى كۆتۈرۈۋېدى، باكلاشكىسىنى بىرسى قولىدىن تارتىۋالدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە باكلاشكىسىنى تارتىۋالغان كىشىگە پۇتلىرىنى جۈپلەپ ھەربىيچە سالام بەردى:

— سالام، يولداش پالكاۋنىك، جەڭچى نادىرۇۋ خىزمىتىڭىزگە تەييار!

—راھەت!

«پالكاۋنىك» —پاكار، كەڭ كۆكرەك، كەڭ پېشانە، كەڭ يۈزلۈك، چارباش ئادەم نادىرۇۋغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى چۈشۈرۈپ تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق، ئاقىرىپ كەتكەن ھەربىيچە چاپىنى سىرتىدىن تاسما پوتا باغلانغان، گەلەپى ئىشتان پۇشقىقى كالاچ قاپلانغان ئۆتىكىنىڭ قونجىدا؛ بېشىدىكى كەڭ قاسقانلىق ئوفېتسىرچە پىراژكىسىمۇ ئۇدۇل كىيىلگەن، تۈگمىلىرى تولۇق ئېتىلگەن، ئۇ جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئالدىدىكى ياش كوماندىردەك رەسمىي قائىدە-لىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى قويۇق، چارچاچلىرىدىلا ئۇنىڭ ئەللىكتىن ھالقىغان تەمكىن ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

— سەن كىم؟ كۈرەش قەھرىمانى نادىرۇۋ سەن؟ قارا تۇرقۇڭنى؟ نومۇس قىل نادىرۇۋ! نېمىشكە بىر كۈن ھاراق ئىچىپ لاغايلاپ يۈرىدىڭ؟ باكلاشكىنى تاشلا، جەڭچى نادىرۇۋ!

نادىرۇۋ پۇتلىرىنى جۈپلەپ چاس بەردى!

— خوپ، يولداش پالكاۋنىك!

ئۇ، باكلاشكىنى نادىرۇۋنىڭ بويىنىدىن ئالدى-دە، يىراققا ئاتتى!

— لېكىن، يولداش پالكاۋنىك!...

— بولدى، ئىزاھات بەرمەيلا قوي! مېنى ئائىلەم بىلەن تارىمغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرىغىنى، سېنىڭ چەت ئەلگە كەتكەن (مەيلى قاچقان دەيلى) كونا ھەربىيلەرنى ئۇزىتىپ زىياپەت بەرگەنلىكىڭنى سىياسىي خاتالىق، دەپ قارىغانلىقى يۇقىرىنىڭ خاتالىقى دېمەكچىمىسەن؟

— خۇددى شۇنداق، يولداش پالكاۋنىك؟!

— بۇ بەلگىلىمىلەرگە نارازى، شۇنىڭ ئۈچۈن خاپا، ئىچىمەن؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، يولداش پالكاۋنىك!

— بۇ بىر ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ نامىغا لايىق ئىش ئەمەس، بىلەمسەن، بىز كاكار، پاگونلىرى يوق ھەربىي، ھەربىينىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار. مەن يۈك-تاقامنى تېڭىپ تەييارلىنىپ بولدۇم. ئەتىلا بۇيرۇققا بىنائەن بالا-چاقام بىلەن تارىمغا قاراپ يولغا چىقىمەن!

—لېكىن، لېكىن يولداش پالكاۋنىك بۇ بىر جازا! بىز جازالانغىدەك گۇناھ قىلمىدۇق. قان تۆكۈپ جەڭ قىلىپ ئۆز يۇرتىمىزدىن گومىنداڭنى سۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزدۇق. بۇنى گۇناھ دەيدىغان بولسا...

— بولدى قىل، جەڭچى نادىرووۋ!

بۇ قېتىم پولكوۋنىكنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى، ئاق سانجىغان قويۇق چېكە چاچلىرى هۈرپەيدى.

—بىز نېمىشكە خاتالىققا قارشى كۈرەش قىلالمايمىز، يولداش پالكاۋنىك؟ پارتىيە، ۋەتەن، خەلق ئۆزىمىزنىڭ، بىرسىمىز ئۆز، بىرسىمىز ئۆگەي بولۇپ قالساق، بۇ دۇرۇس بولمىغىنى، يولداش پالكاۋنىك!

—نادىرووۋ، زىخرۇللا نادىرووۋ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

—راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. بىز ئۆمىلەپ-بېغىرلاپ مېڭىپ پۈتەي پارتىلىتىش، يامغۇردەك ئوققا قارشى ئاتاكىغا ئۆتۈش ئۈچۈنلا جەڭ قىلدۇقمۇ؟ نېمىشكە پىلك دېخۇەي، جۇدې، ماۋجۇشىغا ئەرز قىلالمايمىز!

—نادىرووۋ! تولا ۋارقىرىما، پىكرىڭ بولسا ئەنە مەيدان پارتكومى، شۇ يەردە سۆزلە!

نادىرووۋ«پالكاۋنىك» نىڭ كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان ئوتنى كۆردى. ئۇ دەرھال يەرگە قارىدى. نادىرووۋ ئويلىغان ئىشلارنى پولكوۋنىك ئويلىماسمۇ؟ نادىرووۋ پولكوۋنىكنى بىلىدۇ، پولكوۋنىك قەيەردە، قانداق گەپ قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ زادىلا سالماقلاپ كۆرمەيلا گەپ قىلمايدۇ. ئۇ ئۈن-تىنىسىز قوبۇل قىلغان قارارنى نادىرووۋ نېمىشكە قوبۇل قىلالمىدى؟

«پالكاۋنىك»ئۆزۈندىن بېرى نادىرووۋغا تونۇش، ئۇ ھەرگىز، ھېچقاچان ئۆز ھېسسىياتىنى ئوچۇقلا ئاشكارىلىغان ئەمەس. ئۇ بىر چاغلاردا ئادددي جەڭچى ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىدى. لېكىن ئۇلار پارتىزانلىقتىن 1945ـ يىلى 4ـ ئايدا مۇنتىزىم ھەربىي بولۇپ ھەربىيچە كىيىم كىيگەندە ئەخمەتنىڭ نامى ئىبراھىمووۋ بولۇپ ئۆزگەردى. شۇ يىلى زىخرۇللام نادىرووۋ ئادددي جەڭچى كىيىمىدە تولۇق قوراللىنىپ جىلغ، شىخولارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن پىيادە سەپەرگە چىققاندا، ئىبراھىمووۋ ئۇلارنىڭ روتا كوماندىرى ئىدى. ئۇلار ئۇلاستايدا — تاغ ئىچىدە بىر قورام تاش ئۈستىدە تونۇشقاندىلا ئەخمەت ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ دېھقان ئوغلى كەمسۆز، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن ئىدى. ئۇ چاغلاردا زىخرۇللام قانداق ئىدى؟ ھازىرقىدەك ھاراقكەش، گەپى چوڭمىدى ياكى...

2

... ياكى گەپى ئاز، مۇڭلۇق، يۇۋاش يىگىتمىدى؟

شۇنداق. ئۇ، بالا ۋاقىتلىرىدا كۆپ بويىچە گەپ قىلمايدىغان، بەزىدە خىيالچان، مۇڭلۇق لېكىن تىنىمسىز شوخ، قارام ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى يار بېشىدا ئىدى. كىچىككىنە سوقما تاملىق ھويلىسىدىن چىقسىلا تاشلىق يېزا يولى. يولنىڭ ئۇ تەرىپى يانتۇ، ئېگىزلىق يار. يار ئاستىدا سۈزۈك بۇلاقلار. مەجنۇنتاللار، جىگدىلەر، بۆلجۈرگەنلەر بىلەن تولغان جاڭگاللىق (ئورمان)، جاڭگال ئىچىدە كەڭلىكى 2 —3 مېتر، چوڭقۇرلۇقى ھەم شۇنچىلىك (بەزى جايلىرى چوڭقۇر، بۇنداق قايناملارنى ئۇ يەرلىكلەر «گۆم»دەيتتى)كېلىدىغان، ئاستى ئاقىدىغان قارا سۇ بار ئىدى. چەت-چۆرىسى قويۇق قومۇشلۇق بۇ ئۆستەڭدە«قىرچابىلىق»شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، سۇنىڭ تېگى كۆرۈنمەي قالاتتى. لېكىن بۇ يەرلىكلەر بېلىق تۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن، بىر يىلدا بىر قېتىم «بېلىق يېمەك ۋاجىپ»دېگەن قائىدە بويىچىلا ئارىلاپ-ئارىلاپ بېلىق تۇتۇپ يېيىشەتتى. بۇ جاڭگاللىدا قىرغاۋۇلمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، زىخرۇللام ئورماندا خۇددى ھويلىسىدىكى توخۇلىرىدەك زىرىقلىقتادىلاپ» توپ-توپ يۈرگەن قىرغاۋۇللارنى كۆپ بويى قوغلاپ ئوينايتتى. ئۇ

ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى شۇ يار، قاراسۇ، جاڭگاللاردا يىلان، كىرپىلەر بىلەن ئېلىشىپ، تىك يارلارغا يامىشىپ، چوڭقۇر سۇلاردا چۆمۈلۈپ ئۆزىنى سىناپ — تاۋلاپ ئۆتكۈزدى. بۇ خىل تەبىئەت ئۇنى قورقۇمسىز، غەيرەتلىك قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ ئون ياشقا كىرمەيلا مەھەللىنىڭ پادا كالىسىنى ھەيدەپ بۇ سازلىقنىڭ نېرىسىدىكى ئىلى دەرياسىغا بېرىپ، دولقۇنلۇق دەريادا ئۆزىنى سىناشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال پادا كالىنى دەريانىڭ بىر تارمىقىدىن «ئۆزگۈن» بىلەن ئۈزدۈرۈپ نېرىدىكى قاتقا ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەندى. چوڭ ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئورمانلىقنى بۇ يەرلىكلەر «ئارال» دېيىشىدۇ. «ئوغرى ياتقۇ» بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ئارال. بۇ ئارالدا قېرى تال، تاغ تېرىكى، ئۆرۈك، قېيىن قاتارلىق دەرەخلەر؛ بۆلجۈرگەن، قارىقات، جىگدە، زىرىق قاتارلىق مېۋىلەر؛ كەكلىك، بۆدۈنە، توشقان، كېيىك، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق قۇشلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلار بولا. زىخرۇللام دولقۇنلىنىپ، شارقىراپ ۋىرغىلارنى [illegible] ئاقىدىغان دەرياغا كالىلىرىنى بەھۇدۇك ھەيدەپ، كالىلىرى بىلەن بىللە ئۆزىمۇ ئۈزەتتى. ئۇ، ئىككى كالىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، قىقاس سېلىپ ۋارقىرايتتى. ئون ياش بالىنىڭ بۇ قاراملىقىدىن قىرغاقتىكى چوڭلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولاتتى. لېكىن زىخرۇللام قورقۇش - ئۆلۈش دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

ئىلى دەرياسى ئۈز ۋادىسىدا تۇغۇلغان كەپسىز بالىنى دولقۇنلىرىدا تاۋلاپ، 13 ياشقا كىرگۈزدى.

ھەر يىلى قەمەرىيە 5- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە بۇ دەريا بويىدىكى قۇم بارخانلىرى نەچچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئىلى ۋادىسى (غۇلجا شەھەر، غۇلجا ناھىيە، توققۇزتارا، چاپچال) دا ياشىغۇچى دېھقانلار بۇ يەرگە يىغىلىپ «قۇم ئارشاڭ سەيلىسى» ئۆتكۈزەتتى. بورىدىن ياسالغان ئاشخانىلار، دۇكانلار، ئۆيلەر، ئويۇنخانىلار ۋە بۇ خانىلاردىن تۈزۈلگەن ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولاتتى. پولپەزلىك، مەشمەت، ئويۇن-كۈلكە، قىمار، سەيلە، دارۋازلىق، چېلىش، قۇمغا كۆمۈلۈش ... ئويۇننىڭ، غىزانىڭ، ئوقەت ۋە ئادەمنىڭ ھەر قانداقى بۇ يەردىن تېپىلاتتى.

زىخرۇللام مانا بۇ چاغدا ئۆزىنى سىنايدىغان تازا ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەتتى. ئۇ، كۆتەك ھارۋىلارنى تىكلەپ چەت - چۆرىسىنى توساپ ياسىۋالغان «دېھقان ئۆيلىرى» دە قورسىقىنى ئەتكەنچاي بىلەن تويغۇزۇپ (بۇ يەرنىڭ ئايالىرى بالىلارغا چاي بېرىشكە تولىمۇ ئامراق)، ئوشۇقچە قۇم كېچىپ «كوچا» ئارىلايتتى-دە، ئۇزۇن دەمنىڭ، ماتادىن ئىشتان-كۆڭلەك كىيگەن يالاڭاياغ يېزا بالىلىرىنى كۆرسىلا: «چېلىشامسەن؟» دەپ ئالدىنى توسايتتى. پۇتىغا سەندەل، ئۇچىسىغا كۆك سىيامبۇددىن گىمناستوركا - شىم كىيگەن شەھەر بالىلىرىنى كۆرسە: «سوقۇشامسەن؟» دەيتتى. قارشى تەرەپنىڭ «ھە»، «ياق» لىرىنى كۈتمەيلا ئۇ قول سالاتتى. يېزا بالىلىرىنى «يامپاشقا ئېلىپ» ياكى «قول قايرىش»، «تەتۈر چىرماق» بىلەن قۇمغا يىقىتاتتى-دە، چېلىش پالۋانلىرىنى دوراپ، بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ قاچاتتى. شەھەر بالىلىرىنى بولسا ئۇڭ، سول قول بىلەن مۇشت ئېتىپ ياكى باش بىلەن ئۇرۇپ، تىزلاپ يىقىتاتتى ياكى ئاغزى - بۇرنىنى قانىتاتتى. قارشى تەرەپ بەش - ئالتە ياكى ئوندەك بالا

بولۇپ قوغلىسا، ئۇ شۇنداق تېز قاچاتتىكى، ھېچقانداق پىيادە ئادەم ئۇنى قوغلاپ تۇتالمايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارىغا كىرەتتى. چوڭلار ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كىر ماتا كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلايتتى - دە، ئۇنىڭ بېلىقتەك سىلىق بەدىنى قوغلىغۇچى ئادەمنىڭ قولىغا چىقمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر قانداق قولدىن ئوڭايلا بوشىنىپ ئالاتتى - دە، دەرياغا ئۆزىنى ئاتاتتى. قوغلىغۇچىلار دەريا بويىغا كەلگەندە، ئۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭدا يېتىپ «ئېقىپ» كېتىۋاتقان بولاتتى.

قارامىق بىلەن بالا - قازا بىر تۇغقان. زىخرۇللامنىڭ قارامىق بىلەن بېشىغا بالا - قازا تېپىۋالغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ «قۇم ئارشالى»دا بولدى. ئۇ كۈنى بىر توپ سۇر كىيىملىك، قاسقان شەپكىلىك، رېمىن باغلاپ تاپانچا ئېسىشقان ئەسكەرلەر دەريا بويىدىكى تاللىقتا بىر نېمىلەرنى ۋارقىرىشىپ قارتا ئوينىماقتا ئىدى. بىر چەتتە، ئېگىزىكىدە تۆت تال ساقىلى بار قورۇق يۈزلۈك چىشلاك بىرسى ئەرخۇ چالماقتا؛ كۆك تاۋاردىن تېقىمىدا يىرىقى بار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، يۈزلىرى غەلىتە گىردەلەنگەن، كۆزلىرى كىچىك ۋە ئالغاي بىر ئايال ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. زىخرۇللام دوستى ئىسرائىل تاز بىلەن بۇ ئۆمرىدە كۆرمىگەن چىرايلارنى قىزىقىپ تاماشا قىلىۋاتقاندا بىرسى ئىسرائىل تازنىڭ يوغان، سېسىق مالخېيىنى ئايالغا قارىتىپ ئاتتى. ئىسرائىل قۇماق - پاخشەك بېشىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ مالخاي بىلەن تەڭ تاۋكاغا سەكرىدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ مالخېيىنى تېپىپ، دەسسەپ لاي - تويىغا مىلەۋەتتى. ئىسرائىل ئۆزىنى مالخېيىغا ئېتىۋېدى، قورقۇپ كەتكەن چاڭچىلىكەش ئايال جىنىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى. ئەسكەرلەر ئىسرائىلنى تەپكىلى تۇردى. زىخرۇللام ئۆزى بىلەن بىللە پادا باقىدىغان دوستىنىڭ خورلىنىشىغا چىدىمىدى. ئۇ، قومنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇۋەردى. ئەسكەرلەر «ۋاي - ۋۇي»قىلىشىپ، قوراللىرىغا قول ئۇزاتقىچە، زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىۋالدى. بىر ئەسكەر تاپانچىسىنى چىقىرىپ، زىخرۇللامغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق سۇدا «پىژ» قىلىپ قالدى. ئەسكەر ئىككىنچى قېتىم قورۇلغا ئېلىۋېدى. جىرەن ئات مىنگەن، قارا جىيەكلىك ئاق كىگىز مالخاي كىيگەن ئېگىز، ئاق سېرىق بىرسى ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن پېتى ئەسكەرنى قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىقىتتى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى تۈزىگىچە جىرەن ئاتلىق ئۇلاردىن ئىككىسىنى كىيىم - قوراللىرى بىلەن يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىدى. قالغانلىرىنىمۇ ئەتراپتىكى يىگىتلەر ئۇرۇپ - چەيلەپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. قوراللىرىدىن ئايرىلغان ئەسكەرلەرنى بايىقى ئادەم ئېتى بىلەن دەرياغا كىرىپ بىر - بىرىدىن سۇغا بۇرۇختۇم قىلىپ «ئەييا، جيۇمىڭا»غا ۋارقىرىتىپ، قاقاقلاپ كۈلدى.

ئەسكەرلەر سۇغا چۈشكەن چاشقانغا ئوخشاپ قېلىشتى. ئۇلار تاشلار ئارىسىدا ھوشسىزلىنىپ ئازاب بىلەن يېتىشقاندا، ئاتلىق ئادەم ئېتىنى ئۈزدۈرۈپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتتى.

— غېنى ئوغرى! غېنى ئوغرى يۇرتىكى قاپتەك يىگىت جۇمۇ!

— غېنى ئوغرى بولمىغان بولسا ئىسرائىل تاز بىلەن زىخرۇل بېلىققا يەم بولاتتى!

زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. زىخرۇللام ئۇ كۈنى بىر نەرسىنى بىلدى: يۈرەكلىك ئادەملا باشقىلارنى قۇتۇلدۇرالايدىكەن.

زىخرۇللام شۇندىن باشلاپ دەريا، يار بېشى، ياۋايى توڭگۇزلار بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىشتىن ئادەملەر بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە ئۆتتى. ئۇ، بىردىنچى باتۇرلۇقنى مەھەللىنىڭ بېيى نودەر شاڭيۇنىڭ چىشىغا تېگىشتىن باشلىدى.

ئوما ۋاقتى ئىدى. زىخرۇللام بەش ئورغاقچىنىڭ بېغىنى باغلاپ، چېپىنى توشۇپ، ئېتىنى يۆتكەپ (ئارقازلانغان ئاتنى پات - پات يۆتكەپ ئوتلىتىش)، ياغاق تىزلامچىسىنى شالدىرلىتىپ ئالدىراپ يوگۇرۇپ يۈرۈپ، قارا مالخاي كىيگەن، بېلىنى كۆك پوتا بىلەن باغلاپ يالڭاياغ ئوما ئورۇۋاتقان نۇرۇللا ئىسىملىك شوخ يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— پاھ، خوتۇن خەقمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكىنا، نودەر شاڭيۇنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن چىققان ھېلىقى ئايالنى دەيمىنا، بېلىق، بېلىق، پاھ، بەدىنىنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگسە... ھا - ھا - ھا!

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىنى تامشىغىنا نۇرۇل!

— سەندەكلەرگە قارامدۇ ئۇ سەتەڭلەر، ھەي؟

— تىرنىقىغا ئالامدۇ!

بۇ گەپلەر بىلەن زىخرۇللام كۆرمىگەن ئايالغا ئۆچ بولۇپ قالدى. زىخرۇللامنىڭ نەزەرىدە نۇرۇللام ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق يىگىت، ھەر قانداق ئايال ئۇنى يارىتىشى كېرەك. لېكىن ھېلىقى «شەھەرلىك» ئايال ئۇنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا ئالماسمىش!

زىخرۇللامنىڭ مېڭىسىگە بىر ئەسكى پىكىر — ئايالنى بىر يەرگە قارىتىش ئىستىكى كىرىۋالدى. ئاخشىمى تونۇر بېشىدا تونۇرغا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، بۇ پىكىرنى ئىسرائىلغا ئېيتتى. ئۇلار ئۇزاق پىچىرلاشتى.

ئەتىسى ئۇلار يار بېشىغا بېرىپ سېرىق چۈمۈلە (ئۇ يەرلىكلەر ئورۇس چۈمۈلىسى دېيىشىدۇ) ئۇۋۇسىغا ئىچى كاۋاك قومۇشنىڭ بىر ئۇچىنى توغرىلاپ ئۇۋۇنىڭ ئەتراپىنى تاپانلىرى بىلەن گۈپۈلدىتىپ تېپىشتى. قومۇشنىڭ ئىچى چۈمۈلە بىلەن تولغاندا قومۇشنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى تۆشۈككە پاختا تىقىپ قويۇشتى.

ئۇلار يېرىم كېچىدە باي قورۇسىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولۇشتى. قەدىمكى تارانچى بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە كوچا تەرەپكە قارىغان پەنجىرە دېرىزىلەر بولمايدۇ. سارايلىرىدا باغقا قارىغان چاقماق پەنجىرە بىلەن ئۆگزىدە تۆپە پەنجىرىلا بولىدۇ. ئۇلار تۆپە پەنجىرىگە چىقىپ غۇۋا ئاي يورۇقىدا، ئۆيدە يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقان شەھەرلىك جۇۋاننىڭ قاملاشقان بەدىنىنى بىردەم تاماشا قىلىشتى - دە، قومۇشنىڭ بىر ئۇچىدىكى پاختىنى ئېلىۋېتىپ جۇۋاننىڭ قىزىل تامبىلىنىڭ پۇشقاقلىرىغا توغرىلاپ قومۇشنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىن پۈۋلىگىلى تۇردى. جۇۋاننىڭ پۇشقاقلىرىدىن كىرگەن چۈمۈلىلەر دەرھاللا جۇۋاننىڭ ئارامىنى يوقاتتى. جۇۋان قىمىرلىدى، تولغاندى، ئويغاندى ۋە غەزەپ بىلەن تامبىلىنى سېلىپ يوتقاندىن تېپىپ چىقىرىۋېتىپ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇردى. زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل قومۇش بىلەن ھىمىرىپ - تارتىپ ئىشتاننى چىقىرىپ ئالدى - دە،

ئۇنى چايدىن بۇرۇن ئوما ئورۇۋاتقان يىگىتلەرگە بەردى ۋە بولغان ئىشنى كۈلۈپ - ھوزۇرلىنىپ سۆزلەپ بەردى. بويتاق ئومىچىلار ھوزورلىنىشتى.

— ھەي، چۈمۈلە بولۇپ قالساڭچۇ!

— قومۇش بولۇپ قالسامۇ مەيلىدى.

— زىخرۇل، ئىشتاننى ئەكەلگىنە، بىر كىيەي!...

— ھا-ھا-ھا...

— قىق، قىق، قىق!...

— كىي، يىرتىۋەت، باي قىزنىڭ ھالىغا ۋاي!...

كەمبەغەللەرنىڭ بايلارغا بولغان غەزىپى خىلمۇ خىل يوللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ غەزىپى قىزىل ئىشتاننى بىر گۆمۈش، 40 يىللىق بويتاق يىگىتكە كىيدۈرۈش بىلەن ئىپادىلەندى.

لېكىن بىر دەملىك ھالاۋەت ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب بىلەن ئالماشتى. 40 يىللىق بويتاق قىزىل ئىشتاننىڭ ئىگىسىلىرىنى سۆكۈۋەتكىچە كىيگەنلىكى ئۈچۈن 40 دەررە يېدى. زىخرۇللام مەسچىت ئۆگزىسىدە دۈم يېتىۋېلىپ بۇ جازانىڭ ئىجراسىنى كۆردى. بومبا ساقال، پالكۆز، دورداي كالپۇك مۆتىۋەللى دەررە بىلەن بويتاقنىڭ دۈمبىسىنى يالىڭاچلاپ قويۇپ غۇلاجىپ تۇرۇپ سىرىپ ئۇرغىلى تۇردى. مەزىن سانىماقتا، مۆتىۋەللى ئۇرماقتا، بويتاق تۇۋا قىلماقتا:

— بىر!

— تۇۋا!

— ئىككى!

— يا ئاللا!

— ئۈچ!

— ئەللا بىللا!

— تۆت!

— ئىگىچ ئاناڭ! ۋاي ئاناڭنى!

بويتاق «تۇۋا» دېيىشنى ئۇنتۇپ تىللىماقتا، قاقشىماقتا. قاۋۇل ئەزىمەتلەر ئۇنىڭ پۇت - قول، بېشىدىن چىڭ بېسىپ ئۇرغۇزماقتا. نودەر شائىيۇ — قاپىقىدىن قار - مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قارا ساقال، ئېگىز ئادەم زەھەرلىك كۈلۈمسىرەپ ھوزۇرلانماقتا. دەررە ئونغا بارغاندا جامائەت ئىچىدە «تىلىۋالايلى» دېگۈچىلەر پەيدا بولدى:

— تىلىۋالايلى!

— سورىۋالايلى!

لېكىن مۆتىۋەللى تېخىمۇ كۈچەپ كەتتى. زىخرۇللام ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى. ئۇ، مەسچىت تورخۇنىنىڭ كېسەكلىرىنى قومۇرۇۋېلىپ، جازالىغۇچىلارغا چالما - كېسەك ياغدۇردى. باش - كۆزىگە چالما تېگىپ ئىششىغانلار ئىچىدە مۆتىۋەللى، مەزىن، نودەر شائىيۇلارمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ «يۇرت بۇزۇقىنى» تۇتۇپ قاتتىق جازالاش ھۆكۈمى چىقىرىلدى. لېكىن جاۋابكار زىخرۇللام جامائەت ئۆزىنى تۇتقىچە دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، نودەر شائىيۇنىڭ ياپىلاق مۈڭگۈزلۈك ئالا ھۆكۈزىنى مىنىپ جاڭگال بىلەن شەھەرگە قاراپ قېچىدى.

ئۇنداق قىلىپ زىخرۇللام 15 يېشىدا يالغۇز ئانىسىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ «يېتىمچى» بولۇپ غۇلجا — يىلىچى، لەنتەيزىلەردە خاك تېگىدە قىشلاپ، تامچى بولاق، دوددشاڭ - كۆرەلەردە ئومىچىلىق قىلىپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى بالدۇرلا تېتىشقا باشلىدى.

ئۇ، بالا ۋاقىتلىرىدا كەمسۆز، لېكىن باش ئەگمەس، قىساسخور ئىدى.

## 3

پولكوۋنىك زىخرۇللامنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. تەشكىل - رەھبەرلىكنىڭ ھەر قانداق قارار - بەلگىلىمىسىنى ئۈن - تىنسىز،

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «پالكاۋنىك» دېگەن قۇرۇق نامىلا قالغان ئەخمەت ئىبراھىموۋ زىخرۇللامنىڭ يۈرىكىدىن چىققان نارازىلىقلىرى ئالدىدا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى زىخرۇللام ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرغان نارازىلىقلىرىنى قېزىپ چىقارماقتا ئىدى. ئۇ، ماناس دەرياسى بويىدا زىمىلەنكا كولاپ، قوراللىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە تىكىلىپ بىكاردىن - بىكارلا ئۈچ - تۆت يىل ياتقاندىمۇ «نېمىشقا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلمايمىز؟» دەپ ئىچىدە نارازى بولغان، لېكىن بىرسىگە تىنمىغان، كېيىن يەر ئىسلاھات خىزمەت دۈيىدىن 5 - كورپۇس سىياسىي باشقارمىسىغا قايتقاندا، ئۇ يەردىن «بوز يەر ئېچىش» ئۈچۈن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىمۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە «قارار»غا نارازى بولغان، لېكىن چىرايىدا خۇشاللىق ۋە رازىلىقتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئىپادىلىمىگەن. ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەن، ھېچ ئىشتا قابىلىيىتى يوق بىرىلىرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ناچار ئۇسۇل — يالغان ئېيتىپ باشقىلارنى «كۆيدۈرۈش» يولى بىلەن يۇقىرى ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنى كۆزىگە ئىلماس بولۇۋالغاندا، ئەخمەت ئىبراھىموۋ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى، لېكىن چىرايىدىن قىلچە نارازىلىق ئىپادىسىنى بىلىندۇرمىدى. ئۆكۈچى ئۈچۈن تەبىئىي كۈلكىسى بىلەن خۇشاللاندى ۋە ئۇنى تەبرىكلىدى. بۇنداق ھەققانىيسىزلىك ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، ھامان ئالتۇن بىلەن چالما ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ، دەپ قاراپ، سەۋرى - تاقەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈپ يىللارنى ئۆتكۈزدى. ھەقىقەت بىلەن ناھەقچىلىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا نۇرغۇن ئېلىشتى. ھەقىقەت يەڭگەن چاغلارمۇ، ناھەقچىلىك يەڭگەن چاغلارمۇ، ئۇ چىن قەلبىدىن خۇشال بولغان چاغلارمۇ، خاپا بولغان چاغلارمۇ بولدى. لېكىن خۇشاللىق ئۆزگەرتەلمىگەن ۋەزمىنلىكىنى خاپىلىقمۇ ئوخشاشلا ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەمكىنلىك، قانائەت، خۇرسەنلىك تۇرمۇشنىڭ ئاپتىپىدا قانداق ئۆڭمىگەن بولسا، قەھرىتان سوغۇقلىرىدىمۇ شۇنداقلا رەڭ ئۆزگەرتمىدى.

يىللارنىڭ سىناقلىرى ئۇنى ھەممىگە كۆندۈردى، ھەممىگە چىداملىق قىلىپ تاۋلىدى. ئۇ بۇرۇن بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇشۇ تىنچ، پۇروخ ھىدى يوق پاكىزە ھاۋادا بىلدى. قان تۆكۈش، جان ئۈزۈش بىرلا نەرسىنى يەنى كۆرۈنۈپ تۇرغان، نامى ئېنىق دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشنىلا بىلدۈرگەن بولسا، مۇنۇ تىنچ ھايات ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرىدىغان، نامى چىرايلىق، شەكلى بەلگىسىز نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەنمۇ ئېلىشىش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقارغان، خىيالچان يۈزىنى قورۇقلار قاپلىغان ئەخمەت ئىبراھىموۋ مۇنۇ ئۆز دەۋرىنىڭ قەھرىمانى، تىنچ دەۋرنىڭ تەلۋىسى بولۇپ قالغان زىخرۇللام نادىروۋقا بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا ھايات قامۇسىنىڭ ئۇنىڭغا بەلگىسىز بولغان سىرلىق بەتلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ۋاراقلاپ كۆرسىتىپ قويۇشنى زۆرۈر ھېسابلىدى:

— ئولتۇرغىن، نادىروۋ! —، دېدى ئۇ بېلىدىكى كەمىرىنى، بېشىدىكى شەپكىسىنى ئۆز جايلىرىغا قويۇپ، چېچىنى چىرايلىق تاراپ، ئۈستەلگە جەينىكى بىلەن تايانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، —ئىچىدىغان

بولغاندىكىن بىللە ئىچەيلى، بەلكى ئاخىرقى قېتىم ئىچىكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالار، بەلكى بىز مۇشۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان بولارمىز. بىلىپ قوي، ئادەملەر ھامان بىر - بىرسى بىلەن خوشلىشىدۇ، يېقىن دوستلار، ئاكا - ئۇكىلار، ئاتا - بالىلار ھامان بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. كىم ئۆز ئاتا - ئانامنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزىتىمەن، دەپ ئېيتالايدىكەن؟ مەن يېزىدىن چىقىپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى؟ نەچچىلىگەن كۆڭلى يېقىن تۇغقانلار: دادام، كىچىك دادام، تاغام، ھەدەم، تاغامنىڭ مەن بىلەن تەڭ قۇرامىق ئوغلى دۇنيادىن ئۆتتى. مەن ئۇلارنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتىم، بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن، ئۇ بىر ماڭىلا بەلگىلىك. ئۇلار مېنى كېلىپ دىدارلىشار، دەپ قانچىلىك ئىنتىزار بىلەن كۈتتى؟ لېكىن بىز سوغۇقلا، قۇچاقلاشماي، قول قىسىشماي، كۆز يېشى قىلىشمايلا خۇددى قويلاردەك ھېسسىياتسىزلا خوشلاشتۇق. ئۇلار مېنىڭ كۆز يېشىمنى كۆرگەن بولسىمىغۇ مەيلىدى. مانا ئەمدى مەن بۇ يەر بىلەن خوشلىشىمەن! بەلكى مۇشۇ كەتكىنىمچە قايتا يۇرتۇمغا كەلمەسمەن، مېنىڭ قەبرەم ئەشۇ نامەلۇم تەكلىماكان ئىچىدىكى توغراقلىقلار ئارىسىدا بولار. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بىلەن خوشلاشقىلى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىمدىن بىرەرسىمۇ كەلمىدى. مېنىڭ يېقىنلىرىم چەت ئەلدە، ياكى ياقا يۇرتلاردا ئەمەس، 100 كىلومېتىردەك نېرىدا. بوسۇغىدىكى تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشەلمەسلىكىمگە نېمە توسالغۇ بار؟ بۇ ئارىلىقتا يولداش نادىرووۋ، تاغ - دەريا ياكى ئارازلىق يوق. بىرلا توسالغۇ بار، ئۇ بولسىمۇ بۇزغىلى بولمايدىغان ئىنتىزام - تۈزۈم! ئۇلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇلارنىڭ سىنىپىي تەركىبى...

ئىبراھىموۋ ئىككى ئىستاكانغا ھاراق قۇيدى. ئۇلار بىردە ھاراققا، بىردە بىر - بىرىدىگە قارىشىپ جىم بولۇپ قېلىشتى. ئىبراھىموۋ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا «ئىنتىزام» دېگەن بىر سۆزنىڭ قانچىلىك سالماقا ئىگە بولغانلىقىنى دەسلەپ كۆرۈۋاتقان بولسا، نادىروۋ بۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۆز باشلىقىنىڭ قانچىلىك زور زىيانلارغا يول قويغانلىقىنى ئويلىماقتا ئىدى.

يىللار ئۆتتى. لېكىن يىللار ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

بۇندىن 18 يىل بۇرۇنقى كەچكۈز.

غول - غوللاردىن ئېقىپ چىققان بۇژغۇنلۇق تاغ سۈيى ھەيۋەتلىك شارقىرايدۇ. ئۇلار ئۈچ يىگىت شۇ سۇ بىلەن بىردە ئېقىپ، بىردە يۈگۈرۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كۆزلەككە كېتىپ بارىدۇ. تۆت بىردە گومىنداڭنىڭ ئاپتومات، پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرى بار. ئۇلارنىڭ سانى قانچە. كۆزلەكنىڭ ئەتراپى ۋە تۈزۈلۈشى قانداق؟ ئۈچ يىگىتنىڭ ۋەزىپىسى مانا مۇشۇلارنى ئېنىق بىلىپ كېلىش.

— شەپە چىقارماستىن. ھېچقانداق قورال ئىشلەتمەستىن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىڭلار. ئىككىڭلار ئىبراھىموۋقا بويسۇنۇڭلار. بۇ بىر ئىنتىزام. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئېتىلىدۇ! — دېگەنىدى ئۇلارغا قورال ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن، ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان ناتونۇش. سورلۇق ئادەم ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېتىپ.

تاغ سۈيى ھەم ئۇلارنى قىينىماقتا، ئۇلار تىترىمەكتە. بورۇختۇم بولماقتا، ھالسىرىماقتا ھەم ئۇلارنى قوغدىماقتا؛ ئۇلارنىڭ نە ئاياغ، نە نەپەس تىۋىشى ئاڭلانمايدۇ. كۆزلەك

«ئوغرىلار»نىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم ئوخشايدۇ: چارلىغۇچى چىراغلارمۇ، پىلىموت ئاۋازىمۇ ئۆچتى. ئۇلار سۇدىن چىقىپ يىلاندەك يەر بېغىرلاپ چىغلىق بىلەن ماڭدى ـ دە، كۆزلەكنىڭ سوقما تېمىغا يېقىنلاشتى.

— نادىرۋۇ! تامغا چىق!

نادىرۋۇ تۆلەندى بىلەن ئەخمەتنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ 22 ياغاچلىق سوقما تامغا چەبدەسلىك بىلەن چىقتى ۋە ئېڭىشىپ تۆلەندىنىڭ قولىدىن تارتتى.

ئۇلار يالىڭاياغ ھالدا تىۋىش چىقارماستىن ئۆگزە بىلەن ئۆمىلەپ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. نادىرۋۇ قوراللىرىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئەسكەرلەرنى ساناپ ئۈلگۈردى. ئۇلار 47 نەپەر، كۆزەتتىكىلەر بىلەن 50 نەپەر بولسا كېرەك. نادىرۋۇ تۈڭلۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپ 47 دانە قورالنى يىغماقچى بولدى. تۆلەندى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ: «ئىنتىزام» دېدى. نادىرۋۇ ئەخمەتكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تامغا يامىشتى. ئەخمەت ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، پىچىرلاپ:

— بىلىپ قوي، بۇ قىلىقىڭ ئۈچۈن ئېتىلىسەن! — دېدى.

نادىرۋۇ ئۇنى سىلكىۋېتىپ تام ياقىلاپ ئۆمىلەپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىككى ئاپتومات، بىر بەش ئاتارنى سۆرەپ قايتىپ كەلدى ۋە سۇغا چۈشكەندىن كېيىن:

— ساپلا بالىلاركەن، بۇلارنى بوغماق مۈشۈكنىڭ چاشقاننى بوغقىنىدەكلا ئاسانكەن. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇخلاپ قالغان ئۈچ قاراۋۇلنى غىقلا! ...

— بولدى قىل، نادىرۋۇ، ئىنتىزامنى بۇزغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەتە! ...

— پارتىزانلارغا ئۈچ تال قورال تېپىپ بېرىپ، ئەتە ئېتىلىپ كەتسەم مەيلى! — دېدى نادىرۋۇ.

ئەتىسى راستىنلا نادىرۋۇغا ئىنتىزامنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن «سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئۇستاۋى»غا بىنائەن باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىندى. ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا تاپانچا تۇتقان ئېگىز بىر ئادەم تەرلەپ كەتكەن، يوغان جىرەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى:

— ۋۆي ھەزىلەكلەر! — دېدى تاپانچىسىنى كاماندىرغا تەڭلەپ، — سېنىڭ بۇ «ئىنتىزام-ئىنتىزام»لىرىڭ بىلەن دۈشمەننى يوقاتقىلى بولمايدۇ. ماڭ، كۆزلەككە ھۇجۇم قىلىمىز. ھۆكۈمىڭنى دۈشمەنگە ئىشلەت!

بۇ ئادەم غېنى باتۇر ئىدى. زىخرۇللامنى ئىككىنچى قېتىم غېنى باتۇر قۇتقۇزۇۋالدى.

كەچتە كۆزلەكنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق جەڭ بولدى. تۆلەندى، ساشكا، ياقۇپ، شامىل، قۇربانجانلار شۇ جەڭدە ئۆلدى، ئەخمەت يارىلاندى. ئاۋادا ئاخشىمى قوراللارنى ئېلىۋالغان بولسىچۇ؟

— شۇ چاغدا سىز «ئىنتىزام» دەپ پۇتۇمغا يامىشىپ تۇرۇۋالمىغان بولسىڭىز، ئەشۇ بەش يىگىت ئۆلمىگەن بولاردى — ھە، ھۆرمەتلىك پالكاۋنىك؟

— نېمە، قاچانغىچە ئۇ كونا خاماننى سورۇيسەن؟

— تۈنۈگۈنكى ئىشقۇ ئۇ؟

— بەللى، 1944 ـ يىلى كۈزدە بولغان ئىشنى تۈنۈگۈنكى ئىش دەۋاتقىنىڭنى قارا!

— قاراملىقنىڭمۇ پايدىسى بار دەيمەن ـ دە!

— ئۇنداقتا ساراڭلىقىڭچۇ؟

— يولداش پالكاۋنىك، مېنى مازاق قىلماسىڭىزكەن، غېنى باتۇر قاراملىق بىلەن باتۇر بولغانغۇ ـ ھە؟

— سەن غېنى باتۇردىن باشقا يەنە كىمنى بىلەتتىڭ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، سۇۋوروۋ، كۇتۇزوۋ، ناپالېيون، ستالىن، كاتوۋسكى، ژۇكوۋ، جۇدې، پىڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، لىيۇبو- چېڭ ... ۋاي - ۋۇي، دۇنيادا قوماندان، قەھرىمان تولا. ئۇلار قاراملىق بىلەن ئەمەس، ئىنتىزام، پولاتتەك ئىنتىزام بىلەن غەلىبە قازانغان، قەھرىمان بولغان!

— قېنى ئەمىسە، رومكىنىمۇ ئىنتىزام بىلەن كۆتۈرەيلى!

نادىروۋ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، رومكىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— قارام — تەلۋە! — دېدى ئىبىراھىموۋ ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، پۇرچاقتىن بىرنى ئېغىزىغا سېلىپ، — ھاراقنىمۇ قاراملىق بىلەن ئىچسەن، ھەر رومكىدىن كېيىن مۇشۇنداق زاكوسكا يېيىشنىمۇ بىلمەيسەن. ۋاي، گىرى— تەلۋە، مۇشۇ قاراملىقىڭ بولمىسا، ئۆسەتتىڭ. ئىسىت! قاراملىقىڭ بېشىڭغا چىقمىسا بولاتتىغۇ.

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى.

4

قاراملىق شۇنچىلىك زىيانلىقمۇ؟ لېكىن نادىروۋ قاراملىقتىن زىيان كۆرمىدىغۇ. ئۇنىڭ قايسىبىر غەلىبىسى قاراملىقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسكەن. ئۇ، گومىنداڭ تۈرمىسىدىنمۇ قاراملىق بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان: زىكرۇللام ئۇ چاغدا كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغان، بۇرنى كۆپكەن يىگىت ئىدى. ئۇ، يېزىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ سۈيدۈڭ بازىرىغا ئىش ئىزلەپ باردى. ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىق، دىمىق ئىدى، تەر توختىمايتتى، دەرەخلەر سۈرەتتەك ھەرىكەتسىز، ئەتراپ تونۇردەك ھىلىلداپ كەتكەنىدى. ئۇ، بىر تاۋۇز سېتىۋېلىپ ئېرىق بويىدا زوڭزايدى- دە، تاۋۇزنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ چاقتى، بىر پارچىسىنى ئىشتاھا بىلەن يەپ شاپىقىنى كەينىگە تاشلىدى. شۇ زامان بىرسى ئۇنىڭ بېلىگە كۈچ بىلەن تەپتى. زىكرۇللام كەينىگە قاراپ باغلاقتىكى تەلۋە ئىتتەك خىرىس قىلىپ تۇرغان دورداي كالپۇك، پاناق بىر ئەسكەرنى كۆردى. كۈلرەڭ ماتادىن ھەربىيچە كىيىم كىيىپ، تومۇزدىمۇ تۇجۇركا ئۈستىدىن ھەربىيچە تاسما پوتا باغلىۋالغان كۆرۈمسىز ئەسكەر زىكرۇللامنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى قوزغىدى:

— نېمە تېپىسەن، ھەي ئادەم سەتى؟

— تېپىسەن دەيسىنا زىۋازا؟ — ئەسكەر شاپاق ئىزى بار شەپكىسىنى كۆرسەتتى.

— قەستەن ئاتتىمۇ؟

— قەستەن ئاتماقچىمىدىڭ تېخى! — تامادى زېپى دۇڭشى!

ئەسكەر مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن زىكرۇللامنى بىرنى ئۇردى.

— ئۇردۇڭ - ھە. قوتۇر ئىت! — زىكرۇللام ئەسكەرنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ باش بىلەن ئۇردى، ئەسكەر ئوڭدىسىغا چۈشتى. زىكرۇللام ئۇنى دەسسىمەك بولۇپ ئايىغىنى كۆتۈرۈۋېدى، ئىككى چېرىك قوراللىرىنى تەڭلەپ يېتىپ كەلدى ۋە زىكرۇللامنى باغلاپ تۈرمىگە ئېلىپ باردى. تۈرمىدە ھېلىقى دورداي كالپۇك قولى باغلاقلىق زىكرۇللامنى رىمون، تاياق، ئاياغ، مۇشت، ھەتتا تاش بىلەن شۇنچىلىك جىق ئۇردىكى، زىكرۇللام ئۆز جېنىنىڭ قانچىلىك چىڭ ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى كۆردى ...

ئۇ توپتوغرا يەتتە كۈننى تاياق- دۇمبا بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى گۇندىپاي ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۈرمە دېرىزى- سىنى بۇزۇپ قاچتى - دە، شۇ قاچقىنىچە بىر نەچچە ئاي قاڭقىپ قاقشاپ يۈرۈپ 1944 - يىلى كەچكۈزدە نىلقا تاغلىرىغا قېچىپ بېرىپ،

گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان «ئالتە ئوغرى»لارغا قېتىلدى. ناۋادا ئۇ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قارامىلىق بىلەن ئۇرمىغان بولسا، قارامىلىق بىلەن تۈرمە دېرىزىسىنى بۇزۇپ قاچمىغان بولسا، پارتىزان - ئەسكەر-قەھرىمان بولالايتتىمۇ؟

ئۇ، پارتىزان بولغاندىمۇ قورالى يوق، كالتەك بىلەن قوراللانغان پارتىزان ئىدى. دۈشمەن دېگەن كالتەك بىلەن ئوۋلايدىغان توشقان ئەمەستە. ئۇ، نىلقا تاغلىرىدا يۈرۈپ باتۇرلارنىڭ ئىزىدىن قالماي باتۇرلۇق - قارامىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزدى. كالتەك - چوماق بىلەن دۈشمەننىڭ پىلىموت، مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىرادە، پاراسەت، قەيسەرلىكتە ئادەتلەندى. 1944 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى پارتىزانلار ئەترىتى غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن تاغ ئارىلىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت يول مېڭىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. 7 - نويابىر كۈنى ئۇلار غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. زىخرۇللانىڭ مىلتىقى يوق بولغاچقا ئۇ پوستا تۇرۇش، نەيزىسى بىلەن قوراللىق پارتىزانلارغا تام تېشىپ بېرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلدى. ئۇ، بۇ چاغلاردا مىلتىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر قارامىلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ پۇرسەت كۈتتى.

بۇ پۇرسەت سوغۇق، ئاچچىق شامال يۈز - قوللارنى ھەرىدەك چېقىپ تۇرغان بىر كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى تاڭ سەھەردە قوزغىلاڭچىلار لياڭشاڭغا ھۇجۇم باشلىغانىدى. پۈتۈن غۇلجا خەلقى بۇ ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىنى تىلەيتتى. مىڭلىغان پىدائىيلار تاياق - توقماق، ھەتتا قۇرۇق قول پېتى ئالدىنقى سەپكە كەلگەنىدى. زىخرۇللام تەرلەپ - پىشىپ قوراللىقلار ئۈچۈن تام تېشىپ بېرىۋاتاتتى. بىر مىناميوتچى «ئوق!» دەپ ۋارقىرىدى. زىخرۇللام خۇددى ئۆزىگە بۇيرۇق بېرىلگەندەك چاپقۇن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، بىر يەشىك مىناميوت ئوقىنى كۆتۈرۈپ مىناميوتچىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— يات، زىخرۇل ... يات! — ئۇنىڭ قۇلىقىغا نە بۇ ئاۋاز، نە ئەتراپىدا ھەرىدەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئوقلارنىڭ «ۋىژ-كۈش-چىۋ» قىلغانلىرى ئاڭلانمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى دۈشمەن پوتەيىدە، پوتەيگە مىناميوتتىن ئوق ئېتىۋاتقان جەڭچىدە ئىدى. ئۇ، بىر يەشىك ئوقنى مىناميوتچىغا بەرگەندە مىناميوتچىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال تاملارنى دالدا قىلىپ كەينىگە ياندى - دە، ئىككىنچى يەشىكنى كۆتۈرۈپ يۈگۈردى. ئوقلار ئۇنىڭ ياقىسى، يىرتىق چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتىنىنى يالاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يوشۇرۇن يەردە تۇرغۇچىلار:

— پاھ، يۈرىكى قاپىكىنا!

— يات، ئۆلىسەن!

— قارامىلىقىنى ۋۇي!

— ئوغۇل بالا! — دەپ ۋارقىرىشاتتى. زىخرۇللام ئوق يامغۇرى ئىچىدە يۈگۈرۈپ، ئۆمىلەپ، دۈمىلاپ يۈرۈپ ئالتە يەشىك ئوقنى ئاپارغاندا مىناميوت ئوقىدىن پوتەي پارتىلىدى.

— ھۇررا! كۈچلۈك سادا غۇلجا ئاسمىنىنى تىترەتتى. يۈزلىگەن ئەزىمەتلەر ئالغا يۈگۈردى. تۇيۇقسىز ئاكوپتىن پىلىموت ئوقى ئېتىلدى - دە، بىر جەڭچى يىقىلدى، قوزغىلاڭچىلار يېتىشقا مەجبۇر بولدى، يالغۇز زىخرۇللاملا ياتمىدى، ئۇ، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئۆمىلىدى. يۈزلەپ كۆزلەر بۇ «قارام»

يىگىتكە تەگمىدى. چۈنكى، دۈشمەن پىلىمو-
تىنىڭ ئوقلىرى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك
ئۇنىڭ بېشىدا ۋىژىلدايتتى.

... مانا بۇ—قاراملىقنىڭ پايدىسى بولماي
نېمە؟ ھەي ئىبراھىمووۋ، ھەي پالكاۋنوك،
سىز ئىنتىزام - ئىنتىزام دەپ بەلكى ئاشۇ
ئوقتىن قورقۇپ ياتقانلارنىڭ ئارىسىدىن
ئورۇن ئالار ئىدىڭىز. مەن قانداق قىلدىم،
ئاڭلاپ قويۇڭ ...

... زىخرۇللام دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن يەر
ئاستى ئاكوپى يېنىدىن بىر ياردىدارنى سۆرەپ
ئېلىپ چىقتى، بۇ ئىشنىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى
ئۇنتۇغان ھالدا بېجىردى. ياردىدارنى
سانىتارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنە ئوق چىقى-
ۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ
كەتتى. يۈزلىگەن،يەرگە چاپلىشىپ ياتقۇچىلار
ئىچىدىن:

— ئاپىرىن!

— ئاتاڭغا رەھمەت!

— ئامىن!

— خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا! دېگەندەك مەدەت
بەرگۈچى ئاۋازلار ئاڭلاندى. زىخرۇللام يەنە
ئالغا قاراپ ئۆمىلىدى. ئۇ، دۈشمەننىڭ
يوشۇرۇن ئاكوپى يېنىغا باردى. ئۇ يەردە بىر
جەڭچى ئېگىراپ ياتاتتى. ئۇ، جەڭچىنى ئاز-
غالراق يەرگە سۆرەپ ئاپىرىپ قويۇپ،
ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىدى - دە، يەر
بېغىرلاپ ئۆمىلىدى. دۈشمەن پىلىموتى ئۇنى
نىشانغا ئالدى. قۇرۇق قول بىلەن پىلىموتقا
قارشى جەڭگە ئاتلانماق بىر چوڭ قەھرىمان-
لىق: «ھەي ئىبىراھىمووۋ، ئاڭلىدىڭىزمۇ.
قاراملىق بىلەن قەھرىمانلىق بىر كېزەك!»

— زىخرۇللام،يات!

— ئىسسىت، ياش كەتتى!

لېكىن زىخرۇللام بىر دۇمىلاپلا دۈشمەن
ئاكوپىغا چۈشتى ۋە دۈشمەن پىلىموتىغا
قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ
ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ جەسىتىگە
يولۇقتى. جەسەت سۇيدۇكىدە ئۆزىنى ئۇرغان
ھەڭگاڭ ئەسكەرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ، ئەسكەر-
نىڭ كانىيىغا دەسسەۋېتىپ ئۇنىڭ بېلىدىكى
گراناتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چەبدەسلىك
بىلەن گراناتنى ئالدى - دە، دۈشمەن
پىلىموتىغا قارىتىپ ئاتتى. «گۇم!» قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ «ئۇررا!» دېگەن كۈچلۈك
سادا كۆتۈرۈلدى.

زىخرۇللام شۇ كۈنى بىر مىلتىق بىلەن بىر
پىلىموت غەنىيمەت ئالدى. قاراملىق قىلمىغان
بولسا، زىخرۇللام قورالغا ئىگە بولالايتتىمۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن، قارام-
لىقنى بىلمىگەن ئادەم قەھرىمان ئەمەس!

— نېمە؟ نېمانداق باش؟ ئاخىرى يوق
بار؟ قىسمەن نادىرووۋ. دېدىمغۇ، قاراملىق-
نىڭمۇ تۈز يولى بار، ھەممىلا جايدا قاراملىق
ئاقمۇ ئەمەسۇ، بولۇپمۇ تىنچ قورۇلۇش
دەۋرى. سىزچە كۆرەش دەۋرىدە قاراملاردىن
دۈشمەنلەر پايدىلىنىدۇ!

ئۇلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. نادىرووۋ
مەست بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز باشلىقىغا گەپ
ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئىبىراھىمووۋ ھازىرغىچە
بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرمىگەنىدى.

— سەن نېمە بولدۇڭ، نادىرووۋ، سەن
مەندىن نارازى ئوخشىمامسەن؟

— نارازى.

— نېمىدىن؟

— ئەشۇ ئىنتىزام - ئىنتىزاملىرىڭىزدىن
نارازى. قاراملىق مېنىڭ بېشىمغا چىقماس.
ئەمما لېكىن، ئەشۇ ئىنتىزام - ئىنتىزام-
لىرىڭىز سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىقىدۇ!

— مانا قارا، سەۋەب؟

— قارىماقتىن پايدىلانغان دۈشمەن، سىزنىڭ ئىنتىزام - يىنتىزاملىرىڭىزدىن پايدىلانماسمۇ؟ مانا سىزنىڭ يۇمشاق، ئىتائەتمەنلىكىڭىز سىزنى تارىمغا ئېلىپ ماڭدى، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك!

— تارىمغا بېرىشنىڭ نېمە زىيىنى بار، بوز يەر ئاچىمىز، بۇ، خەلققە، دۆلەتكە پايدىلىققۇ. قېنى، ئالدىڭىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەت زىخرۇللام، يارايسەن، ھاراقنىمۇ كوماندا بىلەن ئىچىشكە ئادەتلەن!

— لاۋگەيگەچۇ؟ لاۋگەيگەمۇ كوماندا بىلەن بېرىشقا ئادەتلىنەيمۇ؟

— قوپاللىق قىلما نادىرۇۋ، تاپىتىن چىققۋاتىسەن، گەپلىرىڭ نامىڭغا ماسلاشمىدى!

— بۇنداق قۇرۇق «قەھرىمان» دېگەن نامنى ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋېتىمەن، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك!

— نېمە دېدىڭ؟ سەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن خەلقنىڭ ئالىي مۇكاپاتى بولغان ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، 1950- يىلى غەربىي شىمال بويىچە 1- دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى بولۇپ سايلانغان شان - شەرەپ ئىگىسى، نامىڭغا لايىق ئىش قىل، نامىڭغا يارىشا گەپ قىل، جەڭچى نادىرۇۋ!

ئىبراھىموۋ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تۈمۈردەك قارىداپ قوللىرىنى شىلتىپ نادىرۇۋنى ئەيىبلىدى. نادىرۇۋمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ، باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن چاس بەردى ۋە قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئىبراھىموۋغا قادىلىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك! لېكىن بۈگۈن يەنى 1962- يىلى كەچكۈزدە نادىرۇۋ بىر ئەخلەت، سىزمۇ ھەم ئەخلەت، ئىشەنمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ماڭا كېتىشكە رۇخسەت قىلىڭ!

— يوقال! — دېدى ئىبراھىموۋ بىگىز قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ، — ئىككىنچى ماڭا كۆرۈنگۈچى بولما!

نادىرۇۋ سەندىرەكلەپ تالاغا — سىم - سىم يامغۇر قويۇنىغا قاراپ ئېغىر قەدەم باستى.

5

ئۇلار بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن يەنى 1954- يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيە مۇشۇ دېۋىزىيىسىنىڭ مەيدانىغا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن كەلگەندى. شۇ چاغدا زىخرۇللام ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن نام بىلەن كۆكرىكىگە ئوردېنلار قاداپ مەملىكەتنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ قايتقان شەرەپ ئىگىسى ئىدى. ئۇ «بوز يەر ئېچىش» تا يەنە بىر چوڭ شان - شەرەپكە ئىگە بولۇشنى ئويلاپ ئىبراھىموۋ بىلەن بىللە خۇشاللىقتىن قەدەھ كۆتۈرۈشكەندى. نادىرۇۋ قارا كۈچىنى ئايىماستىن كەتمەن - گۈرجەك بىلەن ئۈچ - تۆت يىل ئۆستەڭ - ئېرىق چاپتى، دەرەخ تىكتى، يەر تۈزلىدى، قارا كۈچ ھېسابىغا بىرەر قېتىم مۇكاپات ياكى ماختاشقا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە، ئۆمرىدە جەڭ كۆرمىگەن، بىر كەتمەن تۇپىنى نېرى قىلىپ باقمىغان ئىسلاموۋ «بوز يەر ئاچقۇچى قەھرىمان» دېگەن نام بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى. نادىرۇۋ يېرىلغۇدەك خاپا بولۇپ ئىبراھىموۋغا:

— ئىسلاموۋ گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن، ئادەم چىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نان قېپى. نان قېپىلارنى ئۆستۈرىدىغان قانداق ئورۇن بۇ؟ دېۋىدى، مەيداننىڭ مۇئاۋىن رەھبىرى بولغان ئىبراھىموۋ:

— ئۇنداق دېمە، ئۇنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، ئېڭى يۇقىرى! — دېدى.

نادىرووۋ بۇ گەپلەرگە قارشى ھېچنېمە دېمىدى.

«باشقىلار 2 — 3 كوبادىن توپا قازغان يەردە مەن 80 — 90 كوبا (كۇب مېتىر دېمەكچى) توپا قازدىم. ئېرىق چېپىش، يەر تۈزلەشتە 7 — 8 ئادەمنىڭ چامىسىنى تۈگەتتىم. كىشىلەر بىر سېۋەت بىلەن توپا توشۇسا، مەن ئىككى سېۋەت بىلەن توپا توشۇدۇم. ئاتتەك ھارۋا سۆرىدىم، ماشىنىدەك يەر كولىدىم، قۇلدەك ئىتائەت قىلدىم، بۇلار مەيدان، ئاق ئەمەسمىكەن-ھە؟» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ چاغدا نادىرووۋ، لېكىن ئىبراھىمووۋغا بولغان ئېتىقاد، ھۆرمىتى بۇ سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتقۇزۇۋەتكەنىدى ...

ئۇلار سەككىز يىل بۇ يەرگە ئۆمىد بىلەن تەر تۆكتى. ئۇلارنىڭ تەرىدىن بۇ يەردە چىرايلىق ئۆيلەر، مېۋىلىك باغ، سايىلىق يوللار، سالا ئېتىزلار، ئورمان بەلباغلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ شورتاڭ يەرگە راسا مۇھەببەت باغلاپ ئۆمىد چېچەكلىرى مېۋە بېرىدىغان چاغدا ئىبراھىمووۋ بۇ يەردىن كېتىدۇ، ئۇ، مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلغان بالىلىرىنى، مۇشۇ يەرنىڭ سۈتى بىلەن ئەتكەنچاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن بالىجان ئايالىنى ئېلىپ ئاتام - ئانام كۆرمىگەن چۆللەرگە كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى ئىسلاموۋ بېكىتىلدى. ئۇ ئەمدى مەيداندا پەيدا بولغان بارلىق يېڭىلىقلارنىڭ ئىگىسى. ئىبراھىمووۋ بولسا، ھەممىدىن مەھرۇم؛ خۇشاللىق، بەخت ئۇنىڭغا يات... بۇ قانداق ئىنتىزام ئىكەن؟ دۇنيادا بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان، بەختىنى ۋەيران قىلىدىغانمۇ ئىنتىزام بولامدۇ-ھە؟ ياق، ئىبراھىمووۋنىڭ بىر ئاخشام قىلغان سۆزى نادىرووۋ ئۈچۈن تېتىقسىز، مەنىسىز گەپلەر. شەخسىنىڭ ئارزۇسى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش لازىمىش. ھەممىلا جايدا، دائىملا شۇنداق بولامدۇ؟ چىرايلىق گەپنى جازا ئۈچۈن قوللانما. شۇنىڭغىمۇ «غىڭ» قىلمىغۇلۇقمۇ؟ تېخى «ئىبراھىمووۋ جىددىي پەيتتە تەۋرەندى» دېگەنلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ چېگرادىن قاچقانلارنى توسايمەن، دەپ تاياق يەپ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغان ئادەم «تەۋرەنگەن» بولسا، قورقۇپ ئۆيىدىن چىقالمىغانلارچۇ؟ ئىبراھىمووۋ بىلەن نادىرووۋ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماستىن قاچقۇنلارنى توسىدى، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ۋەتەن چېگرىسى تۆتلا قەدەم يەردىكى بۇ مەيداندىن قاچقانلار ناھايىتى ئاز بولدى. پۈتۈن ئىلى، چۆچەكتىن بۇ يىل 5- ئاينىڭ ئاخىرى بىر نەچچە تۈمەن ئادەم چېگرادىن ئۆتۈپ قاچالىدى. «تەۋرەنگەن» بولسا، ئىبراھىمووۋ چېگرادىن ئۆتۈپ كېتەلمەيتتىمۇ؟ ئۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ سېرىق توپىسىنى باشقا دۆلەتنىڭ ئالتۇن - جەۋھەرلىرىگە تەڭ قىلمايدىغان ئادەم، مۇشۇنداق ئادەملىكىنى ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، يۈرىكى، ھەرىكىتى ئىسپاتلىغان، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشكە ئۇنىڭغا قارا چاپلىنىدۇ، نېمىشكە ئۇ يىراق تەكلىماكانغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، ھە؟ ...

كەچكۈزنىڭ سىم - سىم يامغۇرى پۈتۈن يەرنى ئېچىتقان خېمىرغا ئوخشىتىپ قويغان، نەملا دەسسىسەڭ پاتىسەن، قانچە چاققانلىق قىلساڭمۇ پۇتلىشىسەن.

نادىرووۋ ئېغىر خىياللار بىلەن، مەستھالدا ئىبراھىمووۋنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. مانا ئۇ بىر سائەتتىن بېرى بىردە پۇتلىشىپ يىقىلىپ، بىردە ئۆمىلەپ، كەچكۈزنىڭ كۆڭۈلسىز بۇ كېچىسى ئېتىز ئارىسىدا تەمتىلەپ

يۈرەكتە. ئۇ بەزىدە سېزىنىپ يې-
تىپ قالىدۇ - دە، كىچىك قوللىرى بىلەن
يەرگە تايىنىپ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ
كېتىدۇ. بەزىدە نەم تۈپىگە پېشانىسىنى قو-
يۇۋېلىپ خۇددى يەرنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى
تىڭشاۋاتقاندەك جىم ياتىدۇ. بەزىدە بولسا،
بىر نىشانغا قول بومبىسى بىلەن ھۇجۇمغا
ماڭغاندەك جەينەكلىرى بىلەن سۈرۈلۈپ ما-
ڭىدۇ. ئۇ، بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ،
ھاياجانلىنىدۇ. ئۇ، ھەرىكەت قىلغانسېرى
ئۆز ھوشىدىن ئايرىلىپ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار
بىلەن ھازىرقى ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ،
ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي
قالىدۇ. تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنىڭ مەست ئىكەن-
لىكى، ئۆيىدىن يىراقتا، ئاشلىقى يىغىلىپ
بولغان ئېڭىزلاردا ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى بىلىپ
قالىدۇ - دە، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىدۇ... لېكىن يەنە دەرھاللا ھا-
زىر بىلەن ئۆتمۈش ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

... پىيادە كېتىپ بارغان. ھارغىن ئەس-
كەرلەر ئۇتەي بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى
چۆلدە ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ كېتىپ بارىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېرىق سەللە ئورىغان
پولك كوماندىرى ئاتتا مەزمۇت ئولتۇرۇپ
بارماقتا. ئىسپانكىلارنىڭ قاسقانلىرى تەر-
دىن شورلاشقان، گىمناستوركىلارنىڭ يەلكى-
لىرى ھۆل ... ئېغىر ئۆتۈكلەر تاقىراق يەرگە
رىتىم بىلەن تەكشى ئۇرۇلغاچقا، «گۈپ -
گۈپ - گۈپ» قىلغان كۈچلۈك سادا پەيدا
بولۇپ چاڭقىغان، چارچىغان جەڭچىلەرنىڭ
قەلبىدە ھاياجان، غورۇر پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ماڭ-
غان خەلق ئوغلانلىرى ئىكەنلىكىنى چوڭ-
قۇر چۈشىنىدۇ - دە:
— بىز مانا فرونتقا ماڭدۇق ... دېگەن

ناخشىسىنى قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ،
بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتىدۇ ...
نادىروۋنىڭ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن
ئاۋازى بىلەن دۇنياغا ئاڭلانغىدەك قىلىپ
ۋارقىراپ، ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى جەڭگە
كېتىۋاتقىنىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى، لېكىن
ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ ئاۋازى پۈتكەن. ئۇ، قان-
چە چىڭقىلىسىمۇ ھامان ئاۋاز چىقىرالمىدى.
ئۇنىڭ چاڭقاق، تىنجىقتىن ھالى قالمىدى،
ئۇنىڭ نەم يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ياتقۇ-
سى كەلدى. «ھەسسىنە، بىر يۇتۇم سۇ بول-
سىدى، لەۋدىنى نەمدەپ ئالسىلا ناخشىغا
قوشۇلاتتىم». بىردىنلا ئات تۇيىقى پېتىپ
پەيدا بولغان كۆلچەكتە سارغۇچ سۇ كۆرۈن-
دى. نادىروۋ كوماندىرىدىن سورىمايلا سۇغا
دۈم ياتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىلمان، شورلۇق
تۇپىنى يالىدى ... ئۇ، شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ
جىڭ يولىدا ئەمەس، مەيدانىنىڭ بىر ئېگى-
زىدە دۈم يېتىپ لايىنى يالاۋاتقىنىنى بىلدى؛
ئۇ، چاڭقاپ تەشنالىقتىن شۇنداق قىلغا-
نىكەنسىدە...

ئۇ، ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ئاسمانغا قا-
رىدى. يۇلتۇزسىز ئاسمان ئۇنىڭغا تۇم قارا
كۆرۈندى، سىم - سىم يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستى -
بېشىنى بەدىنىگە چاپلىۋەتكەن، لېكىن ئۇ
ھامان قىزىپ تۇراتتى. ئۇ، سۇ ئىزدەپ قارام-
تۇل كۆرۈنگەن دەرەخلەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇ،
دەرەخلەرنى بىر - بىر قۇچاقلاپ شارقىراپ
ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىغا كەلدى - دە، قىر-
غاقتىن تۆۋەنگە قوللىرىنى سوزدى. قوللىرى-
نى سوزدى - دە، سۇغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن
چۈشۈپ كەتتى. سۇدا بىردەم ئاققاندىن كې-
يىن ھوشىنى تاپتى - دە، قىرغاققا ياماشتى.
قىرغاق تىك - غىلتاك ئىدى. ئۇ، تىرناقلىرى
بىلەن تاتىلاپ يۇقىرىغا ياماشتى، لېكىن

سېرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، يەنە ياماشتى، يەنە چۈشۈپ كەتتى... ئۇ ئاخىر يەنە ئۆتمۈشتىكى ئىشلار بىلەن ھازىرقى ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ ياماشماقتا، خىيالىدا ئۇ، جان بىلەن ئوينىشىدىغان بىر ئىشتا بىرلا ھەرىكەت خاتا بولسا، ئۇمۇ سەپداشلىرىدەك شېھىتلىق يەرنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۆمۈلەش كېرەك، دۈشمەن پىلىموتى توختىماستىن ئەجەل ئۇرۇقى چاچماقتا. ئۇنىڭ غايە ۋە ئىرادە بىلەن ئۆمىلەشكەن قانچە سەپداشلىرى شۇ ئۇرۇقلاردىن ھالاك بولدى. ئەنە ئۇلارنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسەتلىرى، مانا نادىرۇۋمۇ سەپداشلىرىنى باغرىغا باسقان ئانا تۇپراقنىڭ كۆكسىدە ئۆمىلىمەكتە. ئۇ، ئەزىز ئانىسىنىڭ بەدىنىگە چاپلاشقان سۆلۈك قۇرتنى قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان بومبىلىرى بىلەن يوقىتىدۇ. مانا قارامىلىق باتۇرلۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى. ھەي ئىبراھىموۋ ئەندى نېمىمۇ دەيسىزكىن، مانا مەن دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتىمەن، ھازىرلا بۇ پوتەي كۆل ۋە ئىسقا ئايلىنىپ ئەبەدىلئەبەد غىڭ قىلالماس بولۇپ قالىدۇ...

زىخرۇللام ھازىر پارتىزان ئەمەس، ئۇ، جەڭچى، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى، 1945- يىلى 4- ئايدىن بېرى شۇنداق. ئۇلارنىڭ پىيادىلەر 4- پولكى جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىپ ئۇرۇمچىگە، پۈتۈن گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ زالىم، چىرىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ھېلىقى مۇز چىراي چېرىكلىرىدىن قىساس ئالىدۇ. ئۇلار، پاك-نومۇسلۇق، يۈزى تۆۋەن ئۇيغۇر قىزى ھېپىزەمنى زورلۇق بىلەن ئاياغ - ئاستى قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. زىخرۇللامنىڭ يېزىقلىرىنى قارىياغاچقا باغلاپ ئۇردى. زىخرۇللامنىڭ بۇ ۋەھشىلەرگە غەزىپى چەكسىز. زىخرۇللام قاراشلىق بولغان 4- پولكىنىڭ 1 - باتالىيون 3 - روتىسى شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ - داۋان ئېشىپ، سايرام كۆلى بويىغا كەلگەندە روھلىنىپ:

پولاتتەك چېنىققان باتۇر قوشۇن بىز،
ئۈمىدىمىز مەھكەم ۋەتەن ئوغلى بىز.
دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشتە،
كۆكرەك كېرىپ ئالغا باسىمىز!

دېگەن مەشھۇر مارشنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتتى - دە!

ئۇ ئۆمىلىمەكتە، نەگە كېتىپ بارىدۇ؟ دۈشمەن پوتىيىگە قاراپمۇ؟ بۇ قەيەر؟ باجاخۇ بىلەن يۈگەنجىخۇ ئەتراپىدىكى يۇلغۇن - چاتقاللىقمۇ؟ زىخرۇللام بىلىدۇ، ئۇنىڭغا روتا كوماندىرى ئېيتقان. بۇ يەر جەڭدىكى گومىنداڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى. بۇ يەردىكى قوم دۆڭلىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئاكوپ - پوتەيلەرگە تورسىمان مۇداپىئە ئوت كۈچى شەكىللەندۈرگەن. كوماندىرلار كۈندۈزى يەر تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ، بۇ قىيىن جايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ يوللىرىنى بېكىتكەن. مانا گۇگۇم مەھەل، باتالىيون كوماندىرى سۇرلۇك، قارا چوقۇر يىگىت ۋارقىرىماقتا: «باتالىيونىمىزنىڭ باجاخۇنى ئىگىلىشى ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئۈچ پوتەيىنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى خالايدىغانلار سەپنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار!» كوماندىرنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا زىخرۇللام بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى: «مەن تەييار!»

زىخرۇللام باشلىق بەش جەڭچى قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بەللىرىگە گراناتلارنى ئېسىپ جەڭچىلەر ئالدىدا قەسەم بېرىشتى: «ئازادلىق ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز

قالغىنىچە جەڭ قىلىمىز!» ئۇلار قولىۇقتا
يەر بېغىرلاپ دۈشمەن پوتەيىگە قاراپ ئىلگى-
رىلىمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى تەرەپ-
نىڭ ئوقلىرى ئۇچىرىشىپ ئاسمانىدا ئوت
دېڭىزى شەكىللەندۈرگەن — خۇددى بولۇتلار
كۆيۈۋاتقاندەك، ئاسمان ئېرىۋاتقاندەك...
«دۈشمەننىڭ دىققىتىنى بىزدىن قاچۇرۇش
ئۈچۈن، بىزنىڭكىلەر ...» زىخرۇللامنىڭ يې-
نىدىكى يىگىت دۈشمەن پوتەيىگە 70 مېتىر
قالغان يەردە خۇشاللىق بىلەن ئاسمانغا
قاراپ پىچىرلاۋېتىپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرال-
ماي قۇربان بولدى ... «دۈشمەن بىزگە ئوق
ئاتماقتا!» زىخرۇللام كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇ
گەپنى دېگىچىلا قالغان ئۈچ جەڭچىمۇ يارى-
دار بولدى. زىخرۇللامنىڭ غەزىپى تاشتى،
ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى كۈچى دۈشمەن پوتە-
يىگە مەركەزلەشتى. يولغۇنلار ئارىسىدىكى
قۇم دۆۋىسى ئاستىدىن توختىماي ئوت چى-
قاتتى. ئۇنىڭدىن چىققان ئوقلار زىخرۇللام-
نىڭ ئەتراپىدىكى قۇملار ئۈستىدە «پىژ - پىژ»
قىلاتتى. تەخمىنەن پوتەيگە 50 مېتىردەك
يېقىنلاشقاندا، زىخرۇللام يەردىن گەۋدىسىنى
كۆتۈرۈپ قولىدىكى گراناتنى ئوت ئېغىزىغا
قارىتىپ ئاتتى. «گۈمباڭ!» زىخرۇللام ئىس -
تۈتەك ئارىسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى: «هۇررا!»
ئۇ، تۈتەك ئارىسىدا يىلاندەك چەبدەسلىك
بىلەن ئۆمىلەپ ئىككىنچى پوتەيگە يېقىنلاش-
تى ۋە غەزەپ بىلەن بۇ پوتەيگە قارىتىپ
گراناتنى ئاتتى. بۇ پوتەيمۇ ئىس - تۈتەك
ئارىسىدا قالدى. گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ
ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشلىرى، نېمىنىدۇر
تىللاشلىرى ئاڭلاندى: «تامادى زېي دۈڭشى!»
دېگەن تىلنى زىخرۇللام سويدۇڭدە ھېلىقى
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. تۈتەك
ئارىسىدا ئۆمىلىشىپ قېچىۋاتقان ئەسكەرلەرگە
زىخرۇللام يەنە گراناتا ئاتتى ئىككى گومىن-
داڭچى يەر چىشلىدى. «بەش ئىت يەر چىشلى-
دى، تۆت ھەمراھىم ئۈچۈن يىگىرمىسىنى
يەر چىشلىتىمەن!» بىرنەچچىسى ئۆمىلىشىپ 3-
پوتەيگە كىردۈۋېلىشتى ۋە زىخرۇللامغا قارىتىپ
پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئۇنىڭ
ئەتراپىدا ئوقلار خۇددى دودىشاڭنىڭ پاشىلىرى-
دەك غىڭشىماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەجەل چىل-
بۆرىلىرى ھۇۋلىماقتا. لېكىن زىخرۇللامنىڭ قەل-
بىدە دەھشەت، قورقۇش يوق. قىساس، نەپرەت،
پاراسەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان، ئۇ
بىردە ئۆمىلەپ، بىردە دومىلاپ، بىردە يەر
بېغىرلاپ، ھەر بىر يۇلغۇن، ھەر بىر دۆ-
بەلچىنى پاناھ قىلىپ ئەجەل بىلەن ئېلىش-
ماقتا. ئۇنىڭ ئالدىدا توپ يولغۇن بار،
شۇنىڭغا يېتىۋالسىلا...«پىژ-كوش، چىۋ»...
ئەجەل ئاۋازلىرى خىلمۇ خىل. مانا ئۇنىڭ
بىر يامپىشى كۆيۈشتى، ئۇ سىلاپ كۆرۈپ
ئىسسىق قاننى بىلدى، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ
كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. لېكىن ھازىر
ئارام، ئۆكۈش-ئۆلۈش دېگەن سۆز. ئۇنىڭغا
لازىمى قەيسەرلىك، جانپىدالىق. ئۇ بىر توپ
يولغۇننى نىشانلاپ ئۆمىلىدى. ئۆز يېرىدە
ئۆسكەن ئاشۇ بوك يولغۇن گويا ئۇنىڭ ئانى-
سى، دوستى - نىگارى. مانا ئىرادە - غەيرەت
يەڭدى-ئۇ يولغۇن تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ،
ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەرنى
كۆردى: «تېخى تىرىك تۇتماقچىمۇ سەنلەر!»
دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. ئەتراپىدا
يەنىلا ئوقلار ۋىژىلدىماقتا، قۇملار توزىماقتا.
زىخرۇللام سالماقلىق بىلەن مىلتىقىغا ئوق
باستى ۋە پۈتۈن زېھنى بىلەن دۈشمەنلەرنى
كۆزەتتى. ئىككى نەپەر دۈشمەن يېقىنلىماقتا،
مانا ئۇلار 20 مېتىردەك يېقىنلىدى. زىخرۇللام
مىلتىق تەپكىسىنى باستى. ئالدىدىكى ئىككىسى،

تەلەتى تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق دۈشمەندىن بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ «گۈرپ» قىلىپ چۈشتى، يەنە بىرسى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، لېكىن زىخرۇللامنىڭ ئوقى ئۇنىمۇ جىمىقتۇردى. قىسىمنىڭ توپ ئوقلىرى زىخرۇللامنىڭ ئۈستىدىن ۋاژىلداپ ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلىماقتا. چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك، قاڭسىق پورۇخ ھىدى كۆز ئاچقۇزمايدۇ. زىخرۇللام 3 - پوتەيگە قاراپ ئۆمىلىدى. تۇيۇقسىز دۈشمەن پىلىموتى يەنە تىلغا كىردى. لېكىن زىخرۇللام بۇ چاغدا پوتەينىڭ تۈۋىگە كېلىۋالغانىدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن پوتەينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن پوتەي ئىچىگە بېسىپ كىردى - دە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن پىلىموت ئېتىۋاتقان ياش دۈشمەننىڭ بېشىغا مىلتىق پايىنىكى بىلەن ئۇردى. ئىككىنچىسى غالجىر ئىتتەك زىخرۇللامغا ئېتىلدى. ئۇلار يەكمۇ يەك ئېلىشتى. دۈشمەن تەپتى، چىشلىدى، زىخرۇللام پۈتۈن غەزىپىنى تارمۇش بارماقلىرىغا يىغىپ دۈشمەننىڭ كانىيىدىن بوغدى... ئۇ، «ھۇررا» ساداسى ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى. سەبداشلىرى ئۇنى ئاكوپتىن تاپقاندا ئۇنىڭ قوللىرى دۈشمەن كانىيىدا، ئۆزى ھوشسىز ياتقانىكەن...

ئۇ، ئىككى قولى بىلەن شۇ تاپتا نېمىنى بوغماقتا، ئۇ «ھۇررا»غا ئوخشاش بىر سادا بىلەن ھوشىغا كەلدى. ئۇ تىترەپ كەتتى، سادا «ھۇررا» ئەمەسكەن، ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقان سوغۇق سۇ ئىكەن، ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغىنى دۈشمەن كانىيى ئەمەس، سۇ بويىدىكى بىر تۈپ ياش دەرەخنىڭ غولى ئىكەن...

ئۇ ئوبدانلا سەگىدى - دە، جالاقلاپ تىترەپ قىرغاققا ياماشتى. كۆيۈشكەن قوللىرى بىلەن تىك قىرغاقنى تاتىلاپ يۈرۈپ قىرغاققا چىقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھۆل، تاماكىسىمۇ سۇ. سەردىگەنمۇ سۇ! ئۇ، ئەلەم بىلەن يىراققا قارىدى. يىراقتا بىر خىرە يورۇق كۆرۈندى. ئۇ شۇ ياققا قاراپ ئېغىر قەدەم بىلەن جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىر دېرىزىنى چەكتى. ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى:

— كىم؟

— ئىسلاموۋ بارمۇ؟

ئايال دېرىزىگە يۈزىنى ياقتى:

— سىزمىدىڭىز. نېمانچە تىترەيسىز، ھودۇقۇپسىز؟ باشلىقىنىڭ دوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ تېخى. ۋۇي خۇزىمەن چوقۇر، قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئىسسىق رومنى ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىڭ!

زىخرۇللام ئويلاپ تۇرمايلا قاراملىق بىلەن قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۆيگە قەدەم باستى...

## 2 - قىسىم

## ئۇنتۇلماس كەچكۈز

1

يۈك - تاق بېسىلغان كوزۇپنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئالتە جان - يېتىپ قوپۇپ ئارام ئالغىدەك ئورۇن راسلانغان «ئازاد» ماركىلىق ماشىنا يولدا! غىڭىلداپ مېڭىۋاتقىلى مانا ئىككى سائەت بولدى. ماشىنىدىكى بىر جۈپ ئەر - ئايال بىلەن ئۈچ بالىنىڭ كۆزلىرى ياش، باشلىرى چۈشكەن. ئۇلار مۇشۇ ماڭغىنىچە يېرىم ئاي ماڭارمىش. ئىككى قېتىم — بىر قېتىم بۆك قارىغايلىق تەلكە داۋىنىدىن، يەنە بىر قېتىم تاپتاقىر ئايغىر بۇلاق داۋىنىدىن ئۆتۈپ چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلار ئارىسىدا، سۇيى كەمچىل، چاڭ - توزانلىق يەرلەردە، قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزەرمىش.

— نېمىشكە گومىنداڭغا قارشى چىققان ـ سىلەر؟

— نېمىشكە ئەسكەر بولغانسىلەر؟

— نېمىشكە ئورۇسلاردەك «يوپ، لوپ، روپ» بولۇۋالغانسىلەر!

ئىبراھىموۋ بۇ سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ئىچىدە نادىرووۋنىڭ يوقلۇقى، ئىسلاموۋنىڭ ھازازۇل ئائىلىسىنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قىلغان سۆزلىرى ئۈچۈن خاپا ئىدى.

— جەڭدە قەھرىمانلىق قىلسىلا ھېساب ئەمەستە، ئادەم دېگەن ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش كېرەك. شۇنچە تۇتۇۋالساق قونغىلى ئۇنىماي مېڭىپ، ئىسلاموۋنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغىنى نېمىسى!

ئىبراھىموۋنىڭ ئائىلىسى مېھرلىك، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئېرىدگە قاراپ قويۇپ قوشۇمچىلىدى:

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلاموۋ ئۆيىدە يىرىكەن دەڭا!

— بىردىڭلارنى تارىدىغا ئەۋەتىپ، بىردىڭلارنى ئاشۇنداق رەللە قىلىپ قىينايدۇ. سىلەرنى كىم ئىنقىلاب قىلسۇن دەپتۇ؟

— بولدى قىل رەيقەت؟—ئىبراھىموۋ چوڭ ئوغلىغا ۋارقىرىدى.

— ئۇ يەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىسا، بىزگە ئىستىقبال لازىم ئەمەسمىدى، بىز نېمە قىلغانىغا جازالىنىمىز؟

— بالام شەۋقەت، نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، مەكتەپسىزمۇ، ئوقۇماستىنمۇ ئىستىقبال تاپقىلى بولىدۇ، دەپ.

— دادا، سىز ئىستىقبال دېگەننى باشقىچە چۈشىنىسىز، بىز باشقىچە،—دېدى كىتاب ئوقۇپ خاپا ئولتۇرغان راھىلە دادىسىغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ،—خەلق ئۈچۈن ئىشلىسە، تۆھپە قوشسىلا ئىستىقبال دېگەن شۇ، دەيدىكەنسىز. كەتمەن چاپسىمۇ، كېچە ـ كۈندۈز پوستا تۇرسىمۇ، سۇ ساتسىمۇ، ئىشلىسىلا بولىدى، دەيدىكەنسىز. بىزچە، بۇ بىر كونىچە قاراش. ئوقۇپ زامانىۋى بىلىم، يۇقىرى ئاڭ ـ ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە بولغاندىلا ھەقىقىي ئىستىقباللىق بولالايدۇ.

— ھەدەمنىڭ پىكرى توغرا!—دېدى ئاپىسىنىڭ يامپىشىغا بېشىنى قويۇپ، سۇنايلىنىپ ياتقان كەنجى قىزى شادىيەمۇ دادىسىغا قارشى چىقىپ.

— قويساڭلارا، سىلەر بولساڭلارمۇ داداڭلارغا ئارام بەرسەڭلارا!— دېدى ئانا—ھېچبىرىم كۆزلىرىدگە ياش ئېلىپ،—سىلەرنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇتارمىز، داداڭلارنىڭ سىلەرنى كەتمەنگە سېلىش نىيىتى يوق.

— كەتمەننىڭ نېمىسى يامان، ئاتا ـ بوۋىمىزمۇ شۇ كەتمەن بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. كەتمەن بىلەن ئىستىقباللىق بولغىلى بولمايدۇ، دېمەڭلار، بۇ گەپ تولىمۇ خاتا، بالىلىرىم. ئىستىقبال دېگەن خەلققە پايدىلىق، يارامىلىق بولۇش دېگەنلىك!

— بىر دېھقان بىلەن ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقالايدىغان ئالىمنىڭ تۆھپىسى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. دېھقان بولماق ئەڭ ئاسان. كىملا بولسا دېھقان بولالايدۇ. لېكىن ئالىم بولماق ناھايىتى تەس، بىر ئۆمۈر تىرىشسىمۇ ئالىم بولغىلى بولمايدۇ...

— بولدى قىلىڭ راھىلە،—دېدى ئىبراھىموۋ ئەلەم بىلەن قوللىرى تىترىگەن ھالدا موخوركا بوراپ،—سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقى بىلەن يىراق تەكلىماكانغا بوزيەر ئاچقىلى

كېتىپ بارىمەن. سىلەر مەن بىلەن بېرىشنى خالىمىساڭلار، ئۈرۈمچىدە قېلىڭلار، مەن سىلەرنى قالدۇرۇپ ئاپاڭلار بىلەن بىللە باراي!

— ياق، دادا، بىز سىلەردىن ئايرىلمايمىز.

— باياتىن چېقىشتۇق، دادا، بىزمۇ بوزيەر ئاچىمىز، چۆللەرنى كۆكەرتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشىگە ھەسسە قوشىمىز!

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز كەتمەن-گۈرجەك بىلەن ئىستىقبال تاپىمىز!

— بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتى ھەر خىل بولىدۇ. لېكىن ئۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلسىلا ئىستىقباللىق بولىدۇ. مەن ساتىراشلىق قىلىمەن!

— مەن ياماقچىلىق قىلىمەن!

— مەن ئاشپەزلىك قىلىمەن!

— مەن دوختۇرخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولىمەن!

بالىلارنىڭ بۇ قىزغىن گەپلىرى ئىبراھىموۋنىڭ ئاغرىغان يېرىگە تۇز بولۇپ قۇيۇلدى. ئۇنىڭ يوغان، قاراكۆزلىرى تومتىلاشتى. ئۇ كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاچچىق تاماكىدىن قاقاپ كەتكەن بولۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يادىغا بىر سىياسىي كومىسسارنىڭ ئۆسكىلەڭ ئاق ساقاللىق چىرايى، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كىچىك كۆزلىرى كەلدى. ئۇ، غاڭزىدىن قارايغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھېجىيىپ:

— لاۋئى، ئەتىنۋېن روھىنى ئۇنتۇماڭ، ئۇ بىر ئەڭگۈشتەر. تەكلىماكاندا بوز يەر ئېچىشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى مۆلچەرلىگۈسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدەك يارامىلىق كادىرلارنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىۋاتىمىز. پارتىيە تەشكىلى سىزگە ئىشىنىدۇ. سىز بۇ ئىنقىلابىي ۋەزىپىنى شەرەپلىك دەپ چۈشىنىسىز!

«ئاھ نادىرۋۇ، سېنىڭ گەپلىرىڭ ئەجەبمۇ جېنىمغا تەگدى! چىرايلىق گەپ، ئىنقىلابىي شوئارلار بىلەنمۇ ئادەم جازالىغىلى بولىدۇ. سىز سۈرگۈن قىلىنىدىكەنسىز، ئۆز يېرىڭىزدە تۇرۇشقا ئىشەنچىسىز، سىزنى ھامان بىر كۈنى ۋەتىنىڭگە ئاسىيلىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇڭا سىزنى تارىمغا سۈرگۈن قىلدى، دېمەمسەنا؟ ئاشۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچى، بىر دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارىمۇ چىرايلىق گەپ بىلەن ئادەم جازالارمۇ؟ مەن راستىنلا جازالىنىۋاتىمەنمۇ؟ مەيلى، مەن جازالانسام جازالانماي، نادىرۋۇقا يامان بولدى. ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئادەم ئەندى يوق. ئىسىت، ئاخشام نېمىگىمۇ ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغاندىمەن...»

ئۇنىڭ خىيالى نادىرۋۇقا كۆچۈش بىلەن ئەتىگەنكى ئۇزاقىقىلى چىققانلار ئارىسىدا ئىسلاموۋنىڭ ئالتۇن چىشلىق، كۈلسە ھەممە يېرى ئاشلىكىپۇڭدەك تىترەپ تۇرىدىغان ئايالىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى يادىغا كەلدى:

— پاھ، پاھ، پاھاھى-ھى-ھى، ۋايقانداق قىلاي، يېرىم كېچىدە، چىلىق - چىلىق سۇ، غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ دېرىزىگە كەلمەسمۇ، قورقۇپ ئۆلەي دېدىم، دىجورنىغا خەۋەر قىلىپ سولىتىۋېتەيمۇ دېدىم. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن «قەھرىمان»دە. ئىسلاموۋنىڭ يۈزىنى قىلدىم. ئىسسىنىۋالاي دەيدۇ تېخى، ماقۇل دەپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەم، ئۆيگە كىرىۋېلىپ قېلىنلىق قىلغىلى تۇرغىنىنى دېمەمسىلەر، ھاراق دەيدۇ، ماقۇل دەپ بەردىم، سەي - زاكۇسكا دەيدۇ، ماقۇل دەپ تەييار سەينى ئىسسىتىپ بەردىم. تېخىمۇ غىق مەست بولۇۋېلىپ قېلىنلىق قىلىپ: زادىلا ئىسسىنالمىدىم، ئىچ - ئىچىمدىن تىترەۋاتىمەن، كېلىڭ، سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئون مېتىر يەردىكى مۇزنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ، مېنى ئىسسىتىپ

قويۇڭ دەيدۇ تېخى، ۋاي يۈزسىز، ۋاي شەرمەندە، ھى - ھى - ھى!...

ئىبراھىموۋ رەھبەرلەرنىڭ ئۇزىتىش يۈزىسىدىن قىلىشقان «يوللۇق» گەپلىرىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ئايالىنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىگە قۇلاق سالغانىدى، ئايال بېشەملەشكىلى تۇردى، ئۇ، چىددىماستىن مەيدان رەھبەرلىرىنىڭ گەپلىرى تۈگىمەيلا نېرىغا - بەلكە مۇشۇ مەيدانغا كەلگەن سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

بايىقى غىڭىلداپ ماڭغان ماشىنىنىڭ بىردىنلا ئاۋازى ئۆزگەردى.

— سايرام كۆلى!—دەپ ۋارقىراشتى ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى بېرىزىن يوپۇقنى قايرىشىپ سىرتقا بېشىنى چىقىرىشقان بالىلار. بالىلار تۇنجى قېتىم سايرامنى كۆرۈشمەكتە.

ئىبراھىموۋ «سايرام» دەپ تەكرارلاپ قويدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم—1945 - يىلى يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدە غۇلجىدىن پىيادە يولغا چىقىپ تەلكىدىن ناخشا بىلەن ئاشقان. ئۇلار سايرام بويىغا كەلگەندە قانداق خۇشال بولۇشقانىدى - ھە؟ سايرام ئۆزىنىڭ چىرايلىق بۈرغۈنلۇق دولقۇنلىرى، ئەينەكتەك سۈزۈك سۈيى، جانغا ئارام سالقىن شامالْلىرى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ھارغان تەنلىرىگە قانچىلىك ئارام بەرگەنىدى - ھە؟ شۇ چاغدا نادىروۋ ئۆزىنىڭ دېھقانغا خاس خۇش خۇيلۇقى، تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىگەنىدى:

ئانىجان يادىمدا بار،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.
تەشنا بولۇپ تاڭ نۇرىغا،
دىلغا ئوت ياققانلىرىڭ.

ناخشىنىڭ قايتۇرمىسىغا پۈتۈن جەڭچىلەر قېتىلغان:

جان پىدا ئەيلەپ بوگۈن،
قىلىمىز قەرزىڭ ئادا...

ئۇلار ياپيېشىل چىمەنلەردە ئېغىناشقان، چېلىشقا چۈشكەن. چېلىشتا پولك بويىچە زىخرۇللامغا بوكە چىقمىغانىدى...

«زىخرۇللام،—دېدى ئىبراھىموۋ ئۇھ تارتىپ قويۇپ،—نېمىشكە سېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغىنىمنى چۈشىنەرسەن - ھە؟ ئىسىت، ئۆزۈڭنى تۇتۇپ ئالغان بولساڭ سەنمۇ يولداش لىچاڭلىنىدەك ئۆسكەن بولاردىڭ. لىچاڭلىن بىلەن سەن مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى يىغىنىدا تونۇشقان. لىچاڭلىن 12 - كورپۇسنىڭ، سەن 5 - كورپۇسنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى ئىدىڭلار. لىچاڭلىن ھازىر بىر ھەربىي رايوننىڭ رەھبىرى، سەن بولساڭ...»

— دادا، سىلەر ھېلىقى چاغدا سايرام بويىغا پىيادە مېڭىپ، قانچە كۈندە كەلگەنىدىڭلار؟

بالىسىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— 3 - كۈنى چۈشتە تەلكە داۋىنىدىن ئاشقانىدۇق.

— يۆكلىرىڭلار ئېغىرمىدى، دادا؟

— ياق، سۇ بىلەن سوخارىدىن باشقىسىنى ماشىنىلارغا باسقانىدۇق.

— سىلەر نېمىشكە ماشىنا بىلەن ماڭمىغان، دادا؟

— نەدە ئۇنچىلىك جىق ماشىنا بولسۇن قىزىم!—دېدى ئىبراھىموۋ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ.

— ستالىن مىلتىق بەرگەنىكەن، نېمىشكە ماشىنا بەرمىگەن، دادا؟

— ستالىن...—دېدى ئىبراھىموۋ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ،—بىزگە قورالمۇ بەردى، لېكىن يولىمىزنىمۇ توسىدى. بىزنىڭ ماناس

دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشىمىزغا يول قويمىدى.

— نېمىشقا، دادا، ستالىن ئۇنداق قىلىغاندۇ، دادا؟

— مىز بىلمەيمىز قىزىم، — دېدى ئىبراھىموۋ موخۇركىسىنى شوراپ قويۇپ، — ئۇ چاغدا بىزمۇ بىلمەيتتۇق. مەن ھەتتا نادىرووۋلار ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەمىز، دەپ جېدەل قىلغاندا ئۇلارنى ئەيىبلىگەن. لېكىن ھازىر بىلدىم: بىز 1944 ـ يىلى كەچكۈزدە ئىنقىلاب باشلاپ، 1945 ـ يىلى كۈزدە ماناس دەرياسى بويىغا كەپتىمىز. بۇ چاغدا دۇنيادا مىلتىق ئاۋازى ئۆچكەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانىكەن. 1945 ـ يىلى يالتا يىغىنىدا ستالىن، روزۋېلت، چېرچىلل بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلەپ بولغانىكەن.

... ماشىنا گىياھسىز چۆلدە غىلداپ كېتىپ باراتتى. ماشىنىدىكىلەر ئۇخلىماقتا. بىرلا ئىبراھىموۋ تاماكا چېكىپ ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ خىيالى ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردا قالغان ياشلىقىغا قايتقانىدى:

نەق مۇشۇ قۇمساڭغۇ يوللاردا ئىبراھىموۋنىڭ تۇيۇقسىزلا قىزدىتىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلانغانىدى. ھارغان جەڭچىلەرنىڭ يۈك ـ تاقىنى ئۇستىگە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇق سۇيى بىلەن باشقىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ خۇش خۇي، جۇشقۇن كېلىۋاتقان زىخرۇللام نادىرووۋ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەنگەنىدى:

— نېمە بولدىڭىز ئىبراھىموۋ ئاكا، تۆمۈردەك قارىداپ، بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك تەرلەپ كېتىپسىزغۇ؟ — زىخرۇللام ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى ـ دە، «ئاپلا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ، قاۋۇل قوللىرى بىلەن ئىبراھىموۋنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ھاپاش قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئىبراھىموۋ ھاپاش بولغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماغدۇرسىزلانغانلىقىنى بىلگەن، ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ-بىر بىلمەي، بەزىدە جۆيلۈپ، بەزىدە ھوشىنى يوقىتىپ ئۇتەيگە بارغىچە قىينالغانىدى. ئۇ، ئاشۇ زىخرۇللانىڭ دۈمبىسىدە ئۆتكۈزگەن يېرىم كۈنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ ـ دە!

«تەشنا بولۇپ تاڭ نۇرىغا، جان پىدا ئەيلەپ بولغۇن» ئىبراھىموۋ بۇ مىسرالارنى تەكرارلىدى: «گۈزەل ۋە جازالىق ئىگە بولۇپ قالدۇقمۇ ـ ھە؟ يوق. نادىرووۋنىڭ قارىشى خاتا. قېرى سىياسىي كومىسسار ئېيتتىمغۇ، ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن مېنى ئەڭ قىيىن جايغا ئەۋەتتى. مەن پارتىيىگە قەسەم بېرىپ كىرگەندە «پارتىيە مەنپەئەتى، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن جېنىمنى بېغىشلايمەن» دېگەنىدىمغۇ؟ سەندە تۇغرىمۇ ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ قۇلىقى يېنىدىلا زىخرۇللانىڭ ئاۋازى پەيدا بولدى: «ئاشۇ مەيدان باشلىقى، دېۋىزىيە كومىسسارلىرىمۇ سىزگە ئوخشاش پارتىيە ئەزاسىمۇ، ئۇلار نېمىشقا تارىمغا بارمايدىكەن ئەمىسە؟» ھەي تومبالقا، سەھرالىق، سېنىڭ بۇ گېپىڭ «قەھرىمان» نامىڭغا لايىق ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ بارغىنىدىن مېنىڭ بارغىنىم مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەيداندا قېلىشى ئېھتىياجغا ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. سەن زىخرۇللام ھېسسىياتقا، يۈزەكى ھادىسىگە بېرىلىپ كەتتىڭ. يىراق مەنپەئەت، ئومۇميلىق، پارتىيە، خەلق مەنپەئەتى دېگەنلەرنى تازا ياخشى چۈشەنمىسەڭ كېرەك... لېكىن نېملا بولمىسۇن مېنىڭ سېنى تاشلاپ كەتكىنىم ياخشى بولمىدى. ساڭا مېنىڭ ياردىمىم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مەن يوق، ئىسلاموۋ

يەنە ئېچىملەرنى دېيىشەرسەن. سېنىڭ قوپال جاۋابلىرىڭ ماڭا تولىمۇ تونۇش. ھەتتا سىلەرنىڭ ئېچىملەرنى دېيىشىدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلىمەن. سەن ئىسلاموۋ ئەمەلدار كىيىمىگىنى كۆرسىتىسەن:

— خوش، كېچىلەپ ئەر كىشى يوق ئۆيدە نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟

— ماڭا ئالايماي، خوتۇنۇڭدىن سورا!

— خوتۇنۇم سېنى چىللىغانمىدى؟

— چىللىمىغان دەمسىنا تېخى، ۋۇي يۈزە-شاقباش!

— سولتىۋېتىمەن سەن بۇزۇق ئۇنسۇرنى!

— ساڭا ئوخشاش گومىنداڭچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىگەندىكىن راست مەن بۇزۇق ئۇنسۇر!

— مەيدان بويىچە ئۆزۈڭنى تەكشۈرەيسەن!

— ماۋۇنىڭغا دە!

ئىشىك جالاقىدە يېپىلدى، نادىرووۋ چىقىپ كەتتى.

«بەلكى بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىللار ئوتتۇرىغا چىقار. ئىسلاموۋنىڭ خوتۇنى بەلكى ئىسلاموۋقا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا زىخرۇللاغا زىيانكەشلىك قىلغاندۇ. ھەي مېنىڭ يوقىلىۋۇقۇم، ئەمدى نادىروۋنى كىممۇ ھىمايە قىلار؟ مازىدىر ھەممىلا ئادەم ھىمايىچىگە، ئارقا تىرەككە مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئىسلاموۋ شۇنىڭ ئۈچۈن لاياقەتسىز ئادەم بولسىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ قولىدىن خۇشامەت، يالغان گەپ قىلىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، كەتمەن چاپسا ئايالاردىن ئارقىدا قالىدۇ، مىلتىققا زادىلا رايى يوق، سوقۇش بولسا قېچىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئەخلاقىچۇ؟ ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە قارىغاندا، كاتەكتىكى تۆت توخۇسى، ۋەتەنگە قارىغاندا ئارقىدىكى ئالقاندەك كۆكتاتلىقى ئەۋزەل. بىلىمىچۇ؟ كاتىپلار يېزىپ بەرگەن دوكلاتىنى دۇدۇقلاپ ئارانلا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ خېتى چالا ساۋاتلارنىڭ خېتىدىن ناچار. «ئىسلاموۋ» دېگەن ئىسمىنى «ئىشتلاموف» دەپ يازىمىچۇ تېخى... ھەي، ئىست، نادىرووۋ مۇشۇ كىرىكسىز ئادەمنىڭ قولىدا قالدى-دە، ئۇنى تۈگەشتۈرمىسە بولاتتىمىغۇ...»

ماشىنا توختىدى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدى.

بۇ ئاقىراڭ ئۆتەڭدە كەچكۈزنىڭ كەچكى ئىزغىرىن شامىلى ھۇۋۇلداۋاقتا ئىدى.

2

... غۇلجا — ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ئۆسكەن، تەر ۋە قان تۆككەن ئەزىز يۇرتى يىراقلاشقانسېرى ئۇنى مەسكىنلىك، غېرىبلىق ئەنسىز قىلماقتا ئىدى. «مەن 50 ياشتىن ئاشقان بولسامۇ تېخى پىشماپتىمەن، نېمىشكە ھېسسىياتقا بېرىلىمەن؟ ئېھتىياج ۋە تەقسىماتقا شەرتسىز بويسۇنىمەن، دېگەن سۆزۈم سۈنئىي ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ پارتىيە ئەزاسىمۇ گۆش. ئۇستىخان. قانىدىن تۇغۇلغان ئادەم. «ئالاھىدە ماتېرىيالدىن تۇغۇلغان» دېگۈچىلەرمۇ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانغۇ؟ ئالىي ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاڭلىغان لېكسىيىلىرىم، ئوقۇغان كىتابلىرىم ماڭا ئۇلۇغ نەزەرىيىلەرنى ياراتقۇچىلارنىڭمۇ شەخسىي ھېسسىياتىغا بېرىلىپ باشقىلارغا زىيان سالغانلىقىنى، شەخسىي ئىناۋەت-ئابرويى ياكى ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىغۇ؟ مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نادىرووۋ يولىلۇق. بىزدەك ھەممىلا ئىشتا ئەڭ يۇقىرى پىرىنسىپلارنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدىغان، ئاقكۆڭۈل كوممۇنىستلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچلىكى

ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان، راھەت-پاراغەت كۆرىدىغان رەھبەرلەرنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ جەنۇبىي شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشقا شىمالدىن ئادەم يۆتكەشمۇ ئېھتىياجمۇ؟ ياق، نادىرووۋنىڭ سورىغان سوئالىنى قاردامدىغان؟ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ توپلاشقان جايى. غۇلجىدا مىللىي كادىر يېتىشمەيدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كادىر يۆتكەپ بۇ ئىشنى ھەل قىلدى. بوز يەر ئېچىشقا ئۇ يەردىن كادىر يېتىشمەي شىمالدىن سىزنى يۆتكىگەن. سىز بۇ ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەمسىزا؟ نادىرووۋنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەك راستىنلا قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ناۋادا مەن راستىنلا گۇمانلىق بولۇپ، نادىرووۋ دېگەنىدەك تارىمغا سۈرگۈن قىلىنغان بولسامچۇ؟ مەن نېمىشكە بۇئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلمىدىم؟ پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىردىنبىر بۇرچى بويسۇنۇشمۇ؟ ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلىش ئۇنىڭ بۇرچى ئەمەسمۇ؟ لېكىن كېچىكتىم، مەن ئەمدى كەينىمگە يانالمايمەن. زىخرۇللام دۈشمەن پوتەيىگە ھۇجۇمغا ماڭغاندا ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك مېنىمۇ بۇيرۇق-قارارنى ئىجرا قىلىش يولىدىن قايتۇرغىلى بولمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن مەن بۇ سەپىرىمنى سۈرگۈن-جازا دەپ چۈشەنمەيمەن. مەن باشقىلار قوبۇل قىلالمايدىغان قارارنى قوبۇل قىلالايمەن، مەن باشقىلار قىلىشتىن باش تارتىدىغان ئىشنى قىلىمەن، مەن ئۇلۇغ نەزەرىيە ئىگىلىرىنىڭ نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلىمەن. ھەممىلا ئادەم ئەمەل قىلمىسا، نەزەرىيە قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن ئۆز ھەرىكىتىم بىلەن بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ توغرا ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن. خەير غۇلجا، خەير، مەن تەر ۋە قان تۆككەن ماكان!»

جىڭ بازىرىنىڭ غەربىدىكى قويۇق توغراقلىقتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ، قۇمۇش ۋە يۇلغۇن ئۆسكەن بىر دالىغا كېلىپ ماشىنىنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى-دە، ئۆزى ماشىنىدىن چۈشۈپ چۆلگە قاراپ پىيادە ماڭدى. ئايالى بىلەن باللىرى ئۇنىڭ نېمىشقا ماڭغانلىقىنى چۈشەنمەي ماشىنىنىڭ يېنىدا قاراپ قېلىشتى.

چەكسىز، جىمجىت دالا، يىراقتا قىزىل-سېرىق ياپراقلار بىلەن چۈمكەلگەن مەھەللە تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە قانداق سىر-ھېكمەت باركىنتاڭ؟ بالىلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئىبراھىموۋنىڭ كۆز ئالدىدا يۈزىگە ئىسپانكا يېپىلغان، نەچچە يۈز، ياق، نەچچە مىڭ ياش يىگىتنىڭ ئۆڭدا، جىمجىت ياتقان ھالىتى گەۋدىلەندى. شېھىتلارنىڭ ئوڭ قولى كۆكسىگە قويۇلغان، ئۇلار ئۆز قەرزىنى ئورۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلقتىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك، ئويۇلۇپ ئىسپانكىسى بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋالغاندەك...

... ئۇ چاغدا ناۋادا ھېلىقى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى دۈشمەن ئىستېھكامىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئارقىمۇئارقا بۇيرۇق بېرىۋەرمىگەن بولسا، بۇنچە جەڭچى قۇربان بولمىغان بولار ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگۈچى زاتىنىڭ شۇ كۈنكى سۆزى ئىبراھىموۋنىڭ يادىدا: «باللىرىم، بىز مەقسىتىمىزگە يېتىپ دۈشمەننى تامامەن يوقىتالىساق، سىز شېھىتلەر بىلەن خۇدانىڭ دەرگاھىدا يورۇق يۈز كۆرۈشەلەيمىز. ناۋادا تىنەتۇرىسىچە بولسىچۇ؟ مەن خۇدانىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن!»

ئۇ چاغدا ئىبراھىموۋمۇ ياش يىگىت ئىدى. گەرچە ئۇ نادىرووۋدەك قارام يىگىت بولمىسىمۇ، دۈشمەنگە غەزىپى كۈچلۈك، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان پىدائىيلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇ يەرلەردە ئۇنىڭ نەچچىلىگەن يېقىن دوستلىرى ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ، ئەزىز جېنىدىن كېچىپ بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلەر ئۈچۈن

قەجىر سىڭدۈرگەنىدى... ناۋادا بىرلىرى ئىبراھىموۋنى راستىنلا گۇمانلىق ئۇنسۇر، دەپ جازالىغان بولسا، مۇشۇ جىڭ سوقۇشىدا قۇربان بولغان سەپداشلىرىمۇ قەيىبلىكمۇ؟ ياق، ئەركىنلىك ئۈچۈن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەممىلا جايدا شەرەپلىك. ئىبراھىموۋ شان - شەرەپ ئىگىسى، ھەرگىزمۇ ئەيىبكار ئەمەس...

ئىبراھىموۋ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ قىزغىردىن شاماللىق، جىمجىت دالىغا قاراپ جىمجىت تۇردى. ئۇنىڭ يېنىغا ئايالى بىلەن بالىلىرى كەلگەنلىكىنى ئۇ تۇيمىدى.

— دادا، ھېلىقى سىلەر نۇرغۇن قۇربان بەرگەن يەر مۇشۇمىدى؟

— ھەئە بالام. ئاۋۇ زۇمچەك - زۇمچەك قۇم دۆۋىلىرى دۈشمەن ئاكوپلىرى، پوتەيلىرى جايلاشقان جايلار ئىدى. بىزگە ھېلىقى سوۋېت ئوفېتسېرى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىز شۇ بۇيرۇقنىڭ زىيىنى بىلەن نۇرغۇن قۇربان بەردۇق.

— زىخرۇللا ئاكام قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن يەر مۇشۇمۇ؟

— ئۇ يەر ئاۋۇ شالاڭ دەرەخلىك باجاخۇ يىلەن يۇڭجىخۇ ئەتراپى.

— پوتەي پارتلىتىشقا ماڭغان بەش جەڭچىدىن بىرلا زىخرۇللا ئاكام ھايات قالغان. ئۆزى يالغۇز ئۈچ پوتەينى پارتلاتقانىكەن - ھە؟

— شۇنداق. زىخرۇللام قورقۇمسىز، چىداملىق، پاراسەتلىك يىگىت!

ئىبراھىموۋنىڭ كۆز ئالدىغا قارداپ - كۆكىرىپ كەتكەن، تىلى يېرىم چىقىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ قالغان، قوللىرى ئۇيغۇر جەڭچىنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان گومىنداڭ پىلىموتچىسىنىڭ ئوڭدا ياتقان گەۋدىسى؛ تۆمۈردەك ئىككى قولى بىلەن ...تىنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، دۈشمەننىڭ قور-
سىقىغا مىنىپ، گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا يىقىلىپ ھوشسىز ياتقان ئۇيغۇر جەڭچى — زىخرۇللام نادىرووۋنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەندى.

— مەن بىرىنچى بولۇپ دۈشمەننىڭ ئاشۇ پوتەيىگە كىرگەن، زىخرۇللامنىڭ دۈشمەن كانىيىدىكى قوللىرىنى بىز تەسلىكتە ئاجراتقان، ۋاھ، ئۇنىڭ قوللىرى بوغۇشقا بەكمۇ ئەپچىل!

— ھېلىقى چاغدا پوجاڭزا ئاتىمەن، دەپ مەدەنىيەت ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكەن لىيەنجاڭنىمۇ قالتىس بوغقانىدى - ھە، كۆپچىلىك ئاجرىتىۋالمىغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قوياتتى!

— ئۇ، ۋىجدانلىق، ناھەقچىلىككە چىدىمايدۇ. بىراق تولىمۇ تۈرگۈن - قارام، قاراملىقى ئۇنى بىر بالاغا قويمىسىلا بولاتتىغۇ!

ماشىنا جىڭدىن شىخوغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئىبراھىموۋنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. لېكىن ئۇ كۆز يېشىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىدى. ئۇ خۇددى بۇ يەرلەر بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقاندەك، جىڭ سوقۇشىدا قۇربان بولغان سەپداشلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى ئۇزىتىۋاتقاندەك كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى شىخودا قوندى. ئۇ، كېچىسى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى. بالىلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتىن تاپتى. ئىبراھىموۋ قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى پوستا تۇرغاندەك جىمجىت، قاتقان بويى تۇرغانىدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسىز ئادەمنى ئەنسىرىتىپ، — دېدى ئايالى ھاسىراپ تۇرۇپ، — سىزنى ئىزدىگىلى نەۋاخ!

— خوش دېمەي قانداق كېتىمەن. ئاۋۇ ساۋۇت، مۇنۇ تالىپ، ئاۋۇ يەر بىلەن تەڭ تۇرغان قەبرە قەمەردىن، دۇتار چېلىپ

ناخشا ئېيتىدىغان بولسا. ھەي ئىسىت. ئاۋۇ تاختايدىن بەلگە قىلىپ قويغان زىندا. نېمە. نېمىشقا ئورۇس قەبرىسىگە قويمىغان دەمسىنا؟ ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. داموللا رازىيەۋنىڭ ئۆزى ئىمام ئېيتقۇزغان. ئاجايىپ قىز ئىدى. ئوكرائىنچە ئاددىنوچكا ئوينايدىغان بولسا، ھەي... بىزنىڭ تەلئەت ئۇنىڭغا ئېغىز گارمونكىسى چېلىپ بېرەتتى. تەلئەتنىڭ قەبرىسىنى غۇلجىغا كۆچۈرۈپ ئەكەتتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنچە جىق ئاداشلىرىڭىز ئۆلگەنمىدى، دادا؟

— ھەي قىزىم، ھەر بىرىمىزنىڭ نەچچە ئونلاپ ئاداشلىرىمىز ئۆلگەن!

— ۋاي-ۋۇي، نېمانچە جىق!

— شۇنداق، قىزىم. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇربان بەرمەي بولمايدىكەن. سوۋېت خەلقى 20 نەچچە مىليوندەك، پولشا خەلقى 10 مىليوندەك، يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيىلەرمۇ مىڭلاپ، مىليونلاپ قۇربان بېرىش ھېسابىغا ئازادلىققا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن قۇربان بەردى. قۇربانسىز ئازادلىق-ئەركىنلىك بولمايدۇ. خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ۋەتىنىنىڭ ئار-نومۇسى، ئانا يۇرتىنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئىنسان ئۈچۈن شان-شەرەپ!

— شۇنداق بولسا، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن خۇشال بولۇڭ، دادا!

— قاراڭ قىزىم —، دېدى ئىبراھىموۋ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ، — دەسسىلىپ يەرگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قان تۆككەنلىكىمىزنى بىلمەيدىغانلار بار ئوخشايدۇ. بىزنىڭ تۆھپىمىزمۇ قەبرىلەردەك ئۆچۈپ كېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن. بىزنىڭ قۇربانلىرىمىز قەدىرلىنىشى، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى گۈللەرگە پۈركىنىشى كېرەك ئىدى، قەھرىمانلىرىمىز توغرىسىدا كىتابلار يېزىلىشى، ھەيكەللەر قاتۇرۇلۇشى، مۇزېيخانىلار قۇرۇلۇشى، ناخشىلار توقۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار يوق. بۇنداق ھەققانىي تەلەپلەرنى قويۇشمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. بۇنداقلا بولۇپ كەتمەس، مەن ئىشىنىمەن. پارتىيىمىز ھەقىقەتسىزلىكنى چەكلەپ، ھەقىقەتنى ئورۇنلاندۇرىدۇ.

ئىبراھىموۋ ئەتىسى بىر كۈن گەپ قىلمىدى. بىر كېچىدىلا ئۇ ئوبدانلا قېرىپ قالغان، ساقىلىنىڭ ئېقى قارىسىدىن كۆپ، قەددىمۇ گويا سەل پۈكۈلگەندەك...

ماشىنا چۆللەر كېزىپ، توپا توزۇتۇپ كېتىپ بارىدۇ. جۇڭغار دالىسىنىڭ كەچكۈزدە باشلىنىدىغان سوغۇق شامىلى ماشىنا ئۈستىدىكى بېرىزىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ تونۇش زېمىننىڭ يېقىملىق ھىدىنى ئىبراھىموۋنىڭ قېرىلىق بەلگىسى كۆپىيىۋاتقان يۈزىگە خۇددى ئەتىردەك چاچىدۇ. لېكىن بۇ ئەتىر ئۇنىڭغا ئارام، ھوزۇر بېرىش ئورنىغا ئۇنى ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشى ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغاندەك. بەلكى ۋۇجۇدى ياش بولۇپ ئېرىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما ئىبراھىموۋ كۆز يېشىنى كۆرسەتمىدى. ئۇ، خۇددى ئىككى ئاساۋ ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن توختاتقان ماھىر ھارۋىكەشتەك كۆز ياشلىرىنى تىزگىنلەپ ئالالىدى.

شۇنداق، ئۇ دېگەن جەڭ كۆرگەن ئەركەك-تە!

## 3

كۈن غەربكە قىيسايغاندا ماشىنا ماناس دەرياسى بويىغا يېقىنلاشتى. ئىبراھىموۋ ماشىنىنىڭ كۆزنىكىدىن مەيدىسىنى قويۇۋېلىپ ماناس دەرياسى بويلىرىغا قارىدى، كۈزنىڭ ئوچۇق ھاۋاسىدا شەرقتىكى ھەممىلا جاي ئېنىق. ئاشكارا كۆرۈندى: ئەنە يەنسىخەي، ئەنە ئورمانباغ!

ماناس دەرياسى بويىغا
ئاكوپكىلار قېزىلغان!

ئىبراھىموۋ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ باللىرىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇشتى. ئىبراھىموۋ قوللىرىنى سوزۇپ سۈيى ئازىيىپ چوڭ سايغا ئايلانغان ماناس دەرياسىنى، ئاپئاق شورتاڭ يەرلىرى قارلىق دالادەك كۆرۈنىدىغان يەنسىخەي، كەچكى قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرىدا قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى بىلەن بىر چوڭ گۈلخانىدەك كۆرۈنىدىغان ئورمانباغ تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— نېمىشكە يەنسىخەي دەيدۇ دەمسىنا، يەلكى، بەلكى تۇزلۇق كۆل دېگەن سۆز بولسا كېرەك. ئۇمۇمەن بۇ يەرلەردىن تۇز چىقىدۇ. «خەي» دېسىلا دېڭىز بولۇۋېرەمەيدىغۇ. يۇ ياقتا نەنىڭ دېڭىزى بولسۇن، بالام. خوش، ئورمانباغ دېگەن سۆزنى بىز ئۆزىمىز قويۇۋالغان. ئاشۇ يەنسىخەينىڭ شەرق تەرىپى ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى، جەنۇب تەرىپى ماناس دەرياسىغا تۇتاشقان تەبىئىي ئورمانلىق ئىدى. مۇشۇ تەبىئىي ئورمانلىقنى جەڭچىلەر ئورمانباغ دەپ ئاتىۋالغانىدى. ھەللىمى قارىمىنىڭ پولك شتابى ئورمانباغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. بىز جىنىڭ سوقۇشىنى تاماملاپ ئۇدۇل يەنسىخەيگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ئۆي نەدە دەيسىز قىزىم، زېمىلانكىلارنى كولاپ جەڭچىلەر شۇ يەردە ياتاتتى. زېمىلانكا دېگەن نېمە دەمسىزا، قىزىم، زېمىلانكا ئورۇسچە گەپ، بىزچە گەمە دېگەن سۆزدە. بىز ئۇ يەردە قاچان ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدىكەن، دەپ يېتىپتىمىز، 1945 - يىلى 10 - ئايدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، جياڭ كەيشى بىلەن بىزنىڭ ستالىننىڭ چىقىشىپ دوست بولۇپ قالغىنىنى، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھەل بولۇپ بولغىنىنى بىز نەدىن بىلەيلى. ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ھەربىي مەشىق، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ناماز ئوقۇش بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋېرىپتىمىز. لېكىن بىز ئۇ چاغدا غەلىبە شادلىقى، ياشلىق غورۇرى، ئۈمىد - ئارزۇنىڭ ئىلھامى بىلەن تولىمۇ بەختلىك ئىدۇق.

ئۇ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە شۇ نادىرۋۇنىڭ سىماسى — ئۇنىڭ ماشرەك گەلەپى شىم، ئۆتۈك، گىمناستوركا كىيگەن، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان، ئىسپانكىسىنى سەل قىڭغىر كىيگەن، ئازراق چوقۇر يۈزىدىكى سەل قىڭغىراق بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان خۇشخۇي چىرايى گەۋدىلەندى.

ئۇ كۈنى نادىرۋۇ تولىمۇ خۇشال، سەپداشلىرى، ئۇنىڭ كوماندىرى بولغان ئىبراھىموۋ تولىمۇ خۇشال بولغان بىر كۈن ئىدى.

1945 - يىلى 10 - ئايدىكى شۇ كۈنمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ھاۋا ئوچۇق، ئاق بۇلۇتلار سۈزۈك كۆك ئاسماننى زىننەتلىگەن، يەنسىخەي ئورمانلىقى قىزىل نۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە جانلانغان. ھەممىلا جاي تازىلانغان، جەڭچىلەر پاكىز رەتلىك كىيىنگەن، كۈلكە - چاقچاق. ناخشىلار ھەممىلا تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر كۈن ئىدى.

ئۇ كۈنى 1 - باتالىيون — يەنى ئىبراھىموۋنىڭ باتالىيونى بىلجاخۇ، يۈگجىخۇدىكى قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ماختالغان، ئۇ باتالىيوننىڭ جەڭچىلىرى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن زىخرۇللاغا «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلگەن كۈن ئىدى.

ئوچۇق ھاۋادا ئۆز گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايەن قىلغان ئورمانباغ سېرىق قۇياشنىڭ ئەتىگەنلىك ئۆتكۈر نۇرى بىلەن يۇيۇنغان، گويا ئەتراپتىكى سارغايغان جۇڭغار دالاسىغىمۇ ئالتۇن سۈيى چېچىلغان...

پولك شتابى ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا

پۈتۈن پولك روتىلار بويىچە تىزىلغان. مىللىي ئارمىيە مارشى سۈزۈك ئاسماندا دولقۇن پەيدا قىلىپ، مەيداننى كۆرمەك بولۇپ پەسكە ئېگىشكەن يۇپۇقا بۇلۇتلارنى تىترەتمەكتە ئىدى. پولك باشلىقلىرى گەمىلەردىن چىقتى. پولك ئىدجورنىيسى پۈتۈن پولكتا دىققەت كوماندىسى بەردى ۋە پولك كوماندىرلىرىغا دوكلات قىلدى. پولك كوماندىرى غەلىبە شادلىقى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئاۋۋال پۈتۈن پولكقا چاس بەردى-دە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— باجاخۇ ۋە يۈگچىخۇنى ئىشغال قىلىش جېڭىدە قېرىنداش قىسىملارغا يېقىندىن ماسلىشىپ پولكىمىزنىڭ 1-باتالىيون 1-روتىسى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ قېتىملىق ھايات-ماماتلىق جەڭدە جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللام قىسىمىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ پوتىيىنى گۇمران قىلىپ، قىسىملارنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قېرىنداش قىسىملارنىڭ باجاخۇ، يۈگچىخۇلارنى ئىگىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. زىخرۇللام ئىنقىلاب غەلىبىسى، ئازادلىق ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنىمۇ ئايىماي پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭچىلەرگە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر خەلقى زىخرۇللامدەك قەھرىمان پەرزەنتلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، شان-شەرەپ ياغدۇرىدۇ. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللامنى خەلقنىڭ ئالىي مۇكاپاتى بولغان ئالتۇن مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى. بۈگۈن مەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا ۋەكالىتەن جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللامغا بۇ مېدالنى تەقدىم قىلىمەن!①

پۈتۈن مەيداندا ئالقىش سادالىرى، ھۇررالار ياڭرىدى.

زىخرۇللام ئىسپانكىسىنى سەل قىيپاش كىيىپ، جەڭچىلەرگە خاس چەبدەسلىك بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پولك كوماندىرى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن مېدالنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقاپ بولۇپ، زىخرۇللامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، خۇشاللىقتىن ئاۋازى تىترىگەن ھالدا:

— يىگىت، سىزنى تەبرىكلەيمەن، يەنە تىرىشىڭ، تېخىمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىڭ!— دېدى.

— ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىم پىدا!— دېدى زىخرۇللام قولىنى چېكىسىگە تىرەپ، پۈتلىرىنى جۈپلەپ سالام بىلەن جاۋاب بېرىپ.

زىخرۇللام سەھنىدىن ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ چۈشكەندە ئۇنى بىرىنچى بولۇپ تەبرىكلەپ مەھكەم قۇچاقلىغان ئىبراھىمووۋ ئەمەسمىدى! جەڭچىلەر ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ، مەيداندا چۆرگىلەتكەندە ئىبراھىمووۋ قانچىلىك خۇشاللىق يېشى تۆككەنىدى-ھە؟

مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۈنىلىشىدىكى قىسىملار ئىچىدە زىخرۇللامنى بىلمەيدىغان، ماختىمايدىغان ھېچكىم يوق. لېكىن ھېچكىممۇ تېخى زىخرۇللامنى ئىبراھىمووۋدەك بىلمەيدۇ، ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا نادىرووۋ بولسىدى، ئۇلار بىرلىكتە مۇنۇ سۈيى بىر ئېرىقلا بولۇپ قالغان ماناس دەرياسى بويلىرىدا، يەنىسخەي، ئورمانباغ باغلىرىدا پىيادە مېڭىپ سەيلە قىلىشىدى. ئىسسىت،

① بۇ يەرلەر ساۋدانووۋ زاھىر ئاكىنىڭ «ئۇ، خەلقنىڭ قەلبىدە» ناملىق ئەسىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلدى.

ئەندى بۇنداق كۈن ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار مەڭگۈلۈككە خۇشلاشقاندۇ، خۇددى ياشلىق، خۇشاللىق بىلەن خۇشلاشقاندەكلا!..

— دادا، نېمىشقا بۇ ئېيتقانلىرىڭىزنى رومان قىلىپ يازمايسىز، ئاجايىپ تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدىڭىز. زىخرۇللام ئاكام ماترۇسوۋ، خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇشاۋيۈنلەردىن قېلىشمايدىكەن. قۇربان بولسىلا ھېسابمۇ، زىخرۇللام ئاكامۇ ئۆز گەۋدىسى بىلەن دۈشمەن پوتمىيگە ھۇجۇم قىلىپتۇ، لېكىن قۇربان بولماپتۇ!

— نادىرووۋ! — دېدى ئىبراھىموۋ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — راست ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، لېكىن. . .

ئۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ، بىرىنچى قېتىم ۋىجدان ئازابىنى ھېس قىلدى: نادىرووۋنىڭ تۆھپىسىنى چۆكۈرۈشتە ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار - دە! 1961 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانلىرى يىغىنىغا كونا ھەربىيلەردىن بىر نەچچىسى نادىرووۋنى كۆرسەتكەنىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى گۈللەندۈرۈشكە سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. لېكىن پارتكوم يىغىنىدا بىرسى ئىسلاموۋنى كۆرسەتتى. ئىسلاموۋنى «سىنىپىي كۈرەش ئېڭى ئۈستۈن» دەپ ماختىدى. ئىسلاموۋ بىرقانچە «گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى پاش قىلغان»، «تەۋرەنگەن ئۇنسۇر»لارنى نەق ماتېرىياللىرى بىلەن ئەيىبلىگەن... نادىرووۋغا «ھاراقكەش»، «ماجراچى»، «رەھبەرلىك ئۈستىدىن سۆزلەيدۇ» دېگەن ئەيىبلەر قويۇلدى. ئىبراھىموۋ مەيداننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكوم ھەيئىتى بولۇپ تۇرۇقلۇق شۇ يىغىندا نادىرووۋ توغرىسىدا ھەققانىي گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ «ئەيىب»لىرىنى قوبۇل كۆردى. نەتىجىدە، «ئىسلاموۋ قەھرىمان شەخس» بولۇپ قالدى. يەنە چۇ؟ نادىرووۋنىڭ مەيدان پارتكومىغا بەرگەن سەممىي پىكىرلىرىنى «دۈشمەنلىك كەيپىيات» دەپ قارىغۇچىلارنى قوللاپ نادىرووۋنى «ئىسكىلاتچى» دېگەن ئادەددىي خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئادەددىي ئىشچى قىلىپ قويۇشقا قوشۇلدى. ئۇ نېمىشقا ئۆز سەپدىشىنىڭ گېپىنى قىلالمىدى؟ پارتكوم سېكرېتارلىرىغا نېمە ئۈچۈن نادىرووۋنىڭ تارىخى، تۆھپىسى، مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىك توغرىسىدا سۆزلىمىدى؟ ئۇنى ئىسلاموۋدەك ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە ئىبراھىموۋنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ ئەمەسمۇ؟. . .

ئىبراھىموۋمانا بۈگۈن قۇربانلار قەبرىسى، ئەسلىمىلەر ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندى. «ئۆزىنى بىلىش ئەجەب تەسكىنا؟ مەن بىرسىگە ياخشىچاق بولۇشقا نېمانچە بېرىلىپ كەتكەندىمەن. مەن ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان كوممۇنىست ئىدىمغۇ؟ يەنەقانداق قىلىپ ھەق سۆز قىلىشتىن قورقىدىغان. ئۆز سەپدىشىنى ئاسرىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم - ھە؟ . . .»

. . . «ھەق جازا، ماڭا جازا بېرىسە ھەق بولغىدەك. نادىرووۋ، قىممەتلىك قېرىنداش ساڭا ۋابال بولۇپتۇ. سەن تېخى مېنى ئەيىبلىمەپسەن، مېنى مانا بۈگۈن ۋىجدانىم ئەيىبلىمەكتە. مەن ۋىجدانىمدىن جازا تەلەپ قىلىمەن.»

ئۇ، ماناستىن چىقىپ ئۇرۇمچىگە كەلگىچە ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چەكتى.

ئايالى ئۇنىڭ كەيپىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى بىرىنچى بولۇپ بايقىدى:

— نېمە بولدى، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

— مىجەزىم؟ ياق، مىجەزىم ياخشى، ماڭا هاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ!

—ھېلىمۇ ھارمايدىكەنسىز. ئۈرۈمچىدە بىر ئاي دەم ئالايلى ئەمىسە.

— ياق، تېز ماڭايلى، تاردىغا قانچە تېز كەتسەك شۇنچە ياخشى!

ئۇ تۆھپە يارىتىشقا ئالدىرايدۇ ياكى ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايدۇ؟

بۇنى ماشىنىدىكىلەردىن ھېچكىم بىلەلمەيدۇ - دە!

## 4

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تاقىر، زېرىكىشلىك ئايغىر بۇلاقتىن ئاشقاندىن كېيىن ئىبراھىموۋ ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ، يۆتەلسە مەيدىسى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ ئايالى، باللىرى سەكپارە بولۇپ ئۇنىڭغا ھېلى دورا بەرسە، ھېلى ئۇسسۇزلۇق بېرەتتى. ئىبراھىموۋ شۇنداق كېسەل بولۇشىغا قارىماي شوپۇرنى تېزرەك ھەيدەشكە ئالدىرىتاتتى.

— كورلىدا ياكى ئاقسۇدا توختاپ داۋالىنىڭ، — دېدى ئايالى يېلىنىپ، — ھامان چۆللۈككە بارىمىز، نېمانچە ئالدىرىغۇلۇق - كىنە!

— بىر كۈن، يېرىم كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق بارايلى خوتۇن، ماقۇل دە، گېپىمگە كىر، مەندىن ئەنسىرىمە!

ماشىنا شۇنداق ھەيدەپ مارالبېشىدىنمۇ ئۆتتى، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئازايغان، دەريادىنمۇ ئاسانلا ئۆتتى. چەكسىز كەتكەن توغراقلىق باشلاندى. قۇم بارخان - دۆڭلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەن يىللارغا ئوخشايدۇ. بەزى قۇم ئىدىرلىرى ئۈستىدە قېلىن توغراق ياكى قومۇشلار ئۆسكەن. ساپسېرىق توغراق غازاڭلىرى تەكلىماكاننىڭ كەچكۈز شامىلىدا كۆچمە قۇملار بىلەن بىللە ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

ئىبراھىموۋنىڭ باللىرى ھەيران - ھەۋەس بىلەن دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ پايانسىز قۇم - چۆللۈكنى تاماشا قىلىشتى:

—نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەر، كۆل - دەريالار بولغان، كۆللەر قۇرۇپ چۆللەر پەيدا بولغان.

— كىتابلاردا يېزىلىشىچە، بۇ يەرلەردە بۇرۇن شەھەرلەر بولغانىكەن.

— يەنە شەھەرلەر بولىدىكەن - دە، بىز شۇ قۇرۇلىدىغان شەھەرنىڭ پۇقرالىرى.

— تەييار شەھەرلىرىمىزنى تاشلاپ. . .

— ئاستا، دادام ئەندىلا كۆز يۇمدى!

بالىلار جىم قېلىشتى، ئىبراھىموۋ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ ئېڭرىماقتا. ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزى تەكلىماكان چاڭ - توزانلىرى بىلەن ئاقارغان. قاپقارا كىرپىكلىرى، يوغان قاڭشالىق قوش بۇرنىغا ماسلاشقان، ئۇنىڭ چىرايىغا ئەرلەرگە خاس گۈزەللىك پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئىككى يېقىغا تاشلانغان قوللىرىنىڭ بىرسىنى ھېپىزەم، بىرسىنى راھىلەم تىزىغا قويۇۋالغان. ماشىنا چاڭ - توزان پۇرقىرىتىپ، بەزىدە سىلىق، بەزىدە قوپال سىلكىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ماشىنىدىكىلەر نەگە بېرىشىنى بىلمەيدۇ. كابىنكىدىكى يول بويى

زۇۋان سۈرمىگەن ئىككى مۇھاپىزەتچى بىلەن شوپۇر بارىدىغان جايدىن خەۋەردار. ئىبراھىموۋ بارىدىغان يېرىنىڭ نە نام - ئىسمىنى، نە مەنزىرە قىياپىتىنى سوراپمۇ قويمىدى. بالىلار بولسا بىلىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

ئىبراھىموۋنىڭ قىزىتمىسى يانغان ئوخشايدۇ. مانا ئۇ ئىسسىق خورەك تارتىشقا باشلىدى. بالىلار ئۇنىڭ خورىكىنى ئاڭلىغىنى بىلەن قانداق چۈش كۆرگىنىنى بىلمەيدۇ - دە.

ئىبراھىموۋ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئاجايىپلا بىر چۈش كۆردى. كۆز ئاچقىلى بولمايدىغان

شۇغۇرغانلىق بىر كېچىدە ئىبراھىموۋ نادىرووۋ نىڭ بىللە مەست ھالدا مەيدانىنىڭ ئېتىزلىرىنى كېزىپ يۈرگىنىدەك. ئىبراھىموۋ ئۆمىلىگىدەك، نادىرووۋ ئۆرە، شۇغۇرغانغا پىسەنت قىلماي، ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغىنىدەك. ئىبراھىموۋ ۋارقىرىدى. ئاۋازى چىقمىدى. ئالدىدا تېخى مۇز قاتمىغان زەيكەش ئۆستەڭگى بار، زىخرۇللام قاراملىق قىلىپ چۈشۈپ كەتمىگىدى؟ ئىبراھىموۋنىڭ غەم-ئەندىشىسى شۇ. ئۇ نە ماڭالمايدۇ. نە ۋارقىرىيالمايدۇ. نادىرووۋ بىرلا ياغاچتىن ياسالغان ھېلىقى غىلتاڭ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئادىنوچكا ئويناۋاتقىدەك. «ھەي سارالڭ، تولا تەلۋىلىك قىلما!» نادىرووۋنىڭ بەدىنى قىيسايدى. ئىبراھىموۋ ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى نادىرووۋ ئاڭلىمىدى. ئىبراھىموۋ كۆزىنى يۇمۇپ ئالدى. ئۇ، كۆزىنى ئاچقاندا كۆۋرۈك ئۈستىدە نادىرووۋ كۆرۈنمىدى. ئىبراھىموۋ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، ئاۋازى چىقمىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرمەكچى بولدى، پۇتلىرى يەر دەسسىيەلمىدى، ئۇ ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇ ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ بىردە دۈشمەن ئاكوپىغا كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلىدى. تۇرۇپلا زىخرۇللامنى قۇتقۇزغىلى كېتىۋاتىمەن دەپ ئويلىغىنىدەك. ئۇ ئۆمىلىدى، تىرناقلىرى بىلەن قېتىشقان، مۇزلۇق يەرنى تاتىلاپ. تىزلىرى بىلەن قىيىندىلارنى تىزىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئىلگىرىلەۋېتىپ كانايغىچە سۇغا چىلاشقان زىخرۇللامنى كۆرۈپتۇدەك. تاش ياتقۇزۇلغان ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشى ئىككى مېتىردىن ئېگىز، سۇ چاچرانىدىلىرى بىلەن غىلتاڭلاشقان ئىككى يانىنى تاقىلاپ تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، زىخرۇللامنىڭ تىرناقلىرى، چىشلىرى قانىغان، ئۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن قىرغاققا ھەدەپ ياماشقىدەك. . . لېكىن ئىبراھىموۋ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇ تېخى يېرىم يولدا ئۆمىلەپ كەلمەكتە. بۇرۇتلۇق، مەيدىسىگە قاتار مېدالىلارنى ئاسقان ئادەم تاپانچىسىنى تۇتۇپ ئويناقلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ تۇرغىنىدەك:

— سەن ئۆلۈمتۈك نېمىشقا تۇرالمايسەن، بىز ساڭا ھەممە ماھارەتنى ئۆگەتكەنغۇ، سەنزە ئۆمىلەشنىلا بىلىدىكەنسەن - دە! تۇر، نادىرووۋنىڭ قولىدىن تارت، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن!

— گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەك جانابلىرى! — دېگۈدەك ئىبراھىموۋ. مەن كېسەل، ئازانلا ئۆمىلەشكە يارىدىم. ئۆمىلەيمەن ئۇنى قۇتقۇزالايمەن، مېنى ئېتىۋەتمەڭ!

ئىبراھىموۋ ئۆستەڭ بويىغا كەپتىدەك. نادىرووۋ تىرناقلىرىدا، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدا قان ئۇيۇغان ھالدا قانغا بويالغان قاشانى باغرىغا بېسىپ جىمجىت ياتقىدەك!

— نادىرووۋ، ئەكەل قولۇڭنى. نادىرووۋ!

— ئۇ ۋاپات بولدى. قورقۇپ ئۆلمىدى، توڭلاپ ئۆلدى. ئىسسىت، ئۇنى دۈشمەن ئۆلتۈرەلمىگەنىدى، ئۆز يېرىنىڭ سوغۇقى ئۆلتۈردى. بىلىپ قويۇڭ، ئىبراھىموۋ، سىز بىزنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئورۇش قەھرىمانىمىزنى ساقلاپ قالالمىدىڭىز، سىز خەلق ئالدىدا ئەيىبكارسىز!

قارا بۇرۇت، گۈلدۈك قىزىل دۇخاۋا بۆك، كاستۇم كىيگەن بۇ تونۇش ئادەم كىم؟ ئىبراھىموۋ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى:

— رەئىس ئەھمەتجان ئەپەندىم! — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېتىۋېتىڭ!

ئۇ، ئېسەدەپ يىغلاپ جۆيلىگىلى تۇردى:

— مېنى. . . ئېتىۋېتىڭ. . .

— نېمە بولدىڭىز، ۋاي نېمە دەۋاتىسىز؟

ئىبراھىموۋ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ، چىلىق-لاپ تەرلىگەن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ئۈستىگە يېپىلغان ھەربىيچە جۇۋىنى ئۈستىدىن ئېلىۋەتتى:

«چۈشمۇ، خىيالمۇ، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسىمۇ؟»

— بۈگۈن چېسلاغا نەچچە بولۇپ قالدى؟

— بۈگۈن چېسلاغا ئون، دادا، — دېدى چوڭ ئوغلى.

— ئوغلۇم، خاتىرەڭنىڭ ئوبدان بىر يېرىدە يېزىپ قوي. 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10-كۈنى مەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈم...

## خاتىمە

. . . يەنە ئون سەككىز يىل ئۆتتى. ئون سەككىز يىلدا ئىبراھىموۋ كەمسۆز، خىيالچان بوۋايغا ئايلاندى. ھازىر ئۇ بالايۇ - نەۋرىلىرى بىلەن يىگىرمە ئائىلە جان. يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا كۆكلەۋەردى ۋە ئاخىر يېڭىدىن مەھەللە - شەھەر بولۇشقا باشلىغان تەكلىماكان قوينىدىكى ئۇزۇن يىل تەر تۆككەن ئۈچىنچى يۇرتىدىن ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىغا قايتىدىغان بولدى. ئىبراھىموۋ مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ راستىنلا جازالىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى، كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە توغراق قومۇرۇپ، ئۆستەڭ چېپىپ ئون سەككىز يىلنى ئۆتكۈزگىنىنى، شۇ ئارىلىقتا يىراقتىكى يېقىنلىرىدىن يا بىر پارچە خەت، يا بىرەر ئېغىز خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئەلەم، ئۆكۈنۈش ۋە غەزەپ بىلەن ئاخىرقى قېتىم يادىغا ئالدى - دە، ئۆزىچە:

— زىخرۇللام نادىروۋ نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ — دەپ پىچىرلىدى.

كەچكۈز، ھەممىلا يەردە سېرىق غازاڭلار ئۇچۇپ يۈرگەن كەچكۈزدە ئۇ ئۈچ ماشىنا بىلەن يۇرتىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا زىخرۇللامنىڭ ھاراق ئىچىپ، زەيكەش ئېرىقتا چۈشۈپ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئازاب بىلەن قاتتىق يىغلىدى.

مەيداننىڭ يېڭى رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا:

— ھاراق ئىچىپ ئۆلدى، دېگەن گەپ يالغان.

زىخرۇللام نادىروۋ ئالىي سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن خىزمەت بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، شىۋىرغاندا سانائەت ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كېتىپ، خىزمەت ئۈستىدە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. بىز ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرىمىز، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز.

— ئون سەككىز يىلدىن كېيىن - ھە؟ بالا تۇغۇلۇپ 18 ياشقا كىرگەندە ئىسىم قويغاندەكلا كۈلكىلىك ئىش. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى خاتىرىلەنگەنمۇ؟

— شۇنداق. زىخرۇللام نادىروۋ 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىۋىرغانلىق كېچىدە قازا تاپتى.

— 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىموۋ ھەيران بولۇپ، — مەن چۈش كۆرگەن كۈننىڭ ئەينەن ئۆزى، كەچكۈز؟ ياق، قىش، كەچكۈزنىڭ ئاخىرى، كۈلكىلىك ئىش، يەنە بىر كۈلكىلىك ئىش!

شۇنداق. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كۈلكىلىك ئىشلار تولىمۇ كۆپ.

1988 — 1989 - يىللار، ئۈرۈمچى